

ئەلپبەدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

# مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى، تۇردىھاجىم تۇرغۇن


## ئەلپبەدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى




ISBN 978-7-89415-023-3



ھۆرمەتلىك ______________ گە:

______________________________

______________________________

______________________________

______________________________



______________ دىن تەقدىم

- يىلى  - ئاينىڭ  - كۈنى






# مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن
قىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

# مەشھۇر شەخسلەر ھەققدە ھېكايىلەر

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 117.75
نەشرى: 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 89415 - 023 - 3
ئومۇمىي باھاسى: 490.00 يۈەن (جەمئىي 20 كىتاب ۋە چەكمە قەلەم)

# مۇندەرىجە


ئوغۇزخان: ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان........................................................ 1

ئافراسىياپ: ئىنسانىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ئالدانماڭلار..................... 7

تۇمارىس: گۇناھ جازاسىز قالماس.............................................................. 8

شىراق: ۋەتەن ئۈچۈن جان بەرسە ئەرزىيدۇ.............................................. 11

سۇتۇق بۇغراخان: كۆڭۈللەرنى ئاسراڭلار................................................ 13

ئىبن سىنا: ئەقىل كۆزۈڭ ئويغاق بولسا................................................ 16

فارابى: ئىنسان قەلبىنىڭ مۆجىزىسى...................................................... 18

بېرۇنى: ئىلىمنى بايلىق مەنبەسى قىلىۋالما.......................................... 22

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: يامانلارغا ياخشىلىق تىلە...................................... 23

مەھمۇد كاشغەرىي: خورىماس بايلىق........................................................ 24

سۇلتان مەلىكشاھ: خەلقىنىڭ دىلى ئادالەتتىن سۆيۈنىدۇ........................ 25

سۇلتان مەھمۇد: باشقىلارنى كۆزىتىشكە ماھىر بول................................ 27

ئەھمەد يەسەۋى: ياخشىلارنىڭ يولى كەڭ............................................... 29

ئەھمەد يۈكنەكى: جاۋابسىز سوئال بولماس............................................. 36

رابغۇزى: ئاق كۆڭۈللۈك — بەختتۇر........................................................ 37

تۇغلۇق تۆمۈرخان: جاسارەتنىڭ مېۋىسى غالىبىيەت................................. 40

ئەمىر تۆمۈر: ئۇلارغا ئازادلىق بېرىڭلار..................................................... 41

مەۋلانە لۇتفىيي: بەزى ئىشلارغا توۋا دېگۈلۈك.......................................... 42

نەۋايى: جاۋاب تەييار.................................................................................. 44

سەئىدخان: يولۋاسنى يەڭگەن بىلەن....................................................... 52

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان: پەرەزنت شۇنداق بولسا...................................... 53

بابۇر شاھ: باتۇرلۇق ۋە ئەقىل ــ يىگىت زىننىتى.......................... 55

ئابدۇللا خەراباتى: كىم ئۇنتۇغاق.......................................... 70

مەشرەپ: ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ...................................... 71

سادىر پالۋان: بېشىڭغا كۈن چۈشسە، مېنى ئىزدە.............................. 77

مۇساباي: بايقىساڭ توپىمۇ ئالتۇن.......................................... 79

باھاۋۇدۇن مۇساباي: بۇرۇن بىلگەن بولسام................................... 82

ئابدۇقادىر داموللام: قوشنامنى قويۇپ بېرىڭ................................. 84

تەجەللىي: ھەممە ئىش لايىقىدا بولسۇن...................................... 85

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر: ئوغۇل بالا ئەلنى تاشلاپ قاچمايدۇ......................... 87

مەمتىلى ئەپەندى: پاكىز بولماق كېرەك...................................... 89

ئەخمەتجان قاسىمى: ئىشلار چالا قالمىسۇن................................... 90

غېنى باتۇر: نەپسىڭنى يىغساڭ، جېنىڭ ئامان قالۇر............................ 92

ئوغۇزخان:

# ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان

بىزنىڭ نە پادىشاھنىڭكىدەك پەرمانىمىز، نە لوقمانىنىڭكىدەك دەرمانىمىز يوق.
سازدىن ـ سۆزدىن ئاڭلىغانلارغا، ئاق ـ قارىنى ئايرىغانلارغا داستانلارنىڭ بېشى بولغان
بىر داستانىمىز ــ ئوغۇز داستانى بار. بۇ داستان بىر يايلاق... بۇ داستان بىر بۇلاق...
تارىخلار بۇ يايلاقتىن كېچەر، ئەپسانىلەر بۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچەر، سىزمۇ ئىچىڭ بىر يۇ-
تۇم بۇ ئابىھاياتتىن، مەرھەمەت...
بۇرۇنقى زاماندا، ئوغۇزخان دېگەن بىر ئۇلۇغ خاقان ئۆتكەنىكەن. تاغۇتاشقا ھۆك-
مى، بۆرە ـ قۇشقا سۆزى ئۆتكەنىكەن...
ئۇ دۇنياغا كەلگەندە دۇنيا يېڭىباشتىن بىر ياشقا كىرىپتۇ. گۆزەللىكگە گەپ كېتەمە-



دىغان. ئۇنى ئاندىن تۇغۇلغان دىيىشكە تىل بارماس ئىمىش... ئانار دانىسى، نۇر دانىسى، تەگرىتاغنىڭ بىر دانىسى، قاشلىرى بار ئىمىش قەلەم قارىسى، كۆزلىرى بار ئىمىش ئاھۇ يازمىسى، ئېغىزلىرى ئويماق كەبى، داستان بولغۇدەك قالغان يېرى، پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆپلۈك نۇرى، كۆكسىدە بار ئىمىش ئۈچ تال مويى: بىرى ئارسلان، بىرى يولۋاس، بىرى بۆرە تۈكى، ھېكىمنىڭكىگە ئوخشاشماس ئىمىش مىجەز - خۇيى. كۈلسە گۈللەر ئېچىلار ئىمىش، يىغلىسا ئۈنچىلەر چېچىلار ئىمىش. ئاجايىپ بىر ئىنسان ئىمىشكى، كىمنىڭمۇ كۆرگۈسى كەلمىسۇن ئۇنى...

ئانىسىنىڭ سۈتىنى بىر شوراپلا ئىككىنچى ئەممىگەنمىش. قۇرۇق نان يەپ، قۇرۇق ئاش ئىچەر ئىمىش. گەپ قىلسا ئاغزىدىن بال ئېقىپ، تىلىدىن قايماق تامار ئىمىش... كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە چوڭ بولۇپ، قىرىقىغا توشماي ماڭغانىمىش. ئايىغى يەتكەن يەرلەردە لالە - سۇمبۇللار ئۈنەر ئىمىش، خۇش پۇراقلار چاچار ئىمىش.

نە ياشقا باقماپتۇ، نە باشقا، نە ئويۇنغا قېتىلماپتۇ، نە تاماشىغا... بىر كۈن ئات چېپىشتۇرسا، بىر كۈن ئوق ئېتىپتۇ. ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋالالايدىغان ئادەم يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ پېيىگە چۈشمەي قالسۇنمۇ!

گاھ ئېقىن بولۇپ ئېقىپ، گاھ دەريا بولۇپ تېشىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىرىق پالۋانغا باش بوپتۇ. ئەمدى ئۇ ئۆيگە، يۇرتقا سىغسۇنمۇ! قىرىق پالۋاننى كەينىگە سېلىپ، يايلاقنىڭ قارلىقى، يات ئەلنىڭ قانلىقى دېمەپتۇ. تاغدىن - تاغقا، يۇرتتىن - يۇرتقا سۇدەك ئېقىپ يۈرۈپتۇ.

ئۇياقلاردا بىر ئورمانلىق بار ئىكەن. ئىچىدە قىزىل تۇمشۇق كەكلىكلەر، سۈرمە كۆزلۈك كېيىكلەر ئوينىشىپ يۈرىدىكەن. شارقىراپ ئاققان سۇلارنىڭ، شىلدىرلىغان ياپراقلارنىڭ، سايراشقان قۇشلارنىڭ سادالىرى قوشۇلۇپ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىكەن. بۇ ئورماندا يەتتە باشلىق بىر دىۋە بولۇپ، ئۇ يەرگە كىرگەن نەرسە ساق چىقمايدىكەن. بۇ دىۋە سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاغزى ئېچىلغان ھامان قۇربانلىرى كەلتۈرۈلمىسە، بىر يۇتۇم سۇغا «سۇف» دەپ، قانچىلىغان غۇنچە بويلۇقلارنى چاينىماي يۇتۇۋېتىدىكەن. ئادەم دېگەن يەردىن چىقمايدۇ - دە! بۇ ۋەجدىن قانچىلىغان ئوچاقلارنىڭ كۈلى توزۇپ، قانچىلىغان زېمىنلار قۇرۇپ چۆپ بوپتۇ. يۇرت - يايلاق چىدىسۇنمۇ بۇنىڭغا!

زامانلاردىن بۇيان نى - نى پالۋانلار توپلىشىپ بېرىشىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېرىسى تۆمۈردىن، باغرى پولاتتىن قاتتىق ئىمىش. ئوق ئېتىپتۇ، تەگمەپتۇ، قىلىچ چېپىپتۇ، كەسمەپتۇ، نەيزە سانجىپتۇ، تەشمەپتۇ، تاغۇتاشنى بېشىغا ياغدۇرۇپتۇ، بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەپتۇ.

ئانىلار تاش يۈرەك بولغان بىر كۈنى ئوغۇز ئورمانغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇنىڭ نىيىتىنى كۆزىدىن پەم قىلغانىلار:

— ئەي ئوغۇل، پۈتكۈل دۇنيانى كەزسە، باتۇرلۇقتا سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتىدىغىنى يوق، لېكىن بۇ دېۋە ئوينىشىدىغان مەخلۇق ئەمەس. جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ سەن! — دەپ يولدىن قايتۇرماقچى بوپتۇ، لېكىن ياش يىگىت:

— مەن بۇنىڭغا ئەھدە قىلدىم. ئۆلسەم يەر خۇش بولار، قالسام ئەل... — دەپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، جىلغىلاردىن سەلدەك، تۆپىلەردىن بوراندەك ئۆتۈپ بارماقچى بولغان يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ بىر كۈنى بىر كېيىكنى تۇتۇپ سۆگەت تېلى بىلەن بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ... تاڭ سەھەردە بېرىپ قارىسا، كېيىكنىڭ ئورنىدا بوران ئۇچۇۋېتىپتۇ. بۇ كۈنىمۇ بىر جانىۋارنى قولغا چۈشۈرۈپ، كۈمۈش كەمەرى بىلەن دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ... ئەتىسى يەنە بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئورنىدىمۇ شاماللار چىقىۋېتىپتۇ! شۇنداق قىلىپ دېۋىنى بۇ يەرگە ئۆگىتىۋاپتۇ. ئۇ كېچە بېشىنى ئالقىنىغا ئېلىپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ماراپ يېتىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. نە قورقسۇن، نە قورۇنسۇن، يۈرىكى ئېغىمۇ قويماپتۇ. ئورماندا بىر دەھشەتلىك سادا كۆتۈرۈلۈپ، تاللار باشلىرىنى ئېگىپ، ياپراقلىرى يەرنى قاپلاپتۇ... ئامان - زامان دېمەپتۇ، شۇ ئەسنادا قارا دېۋە قارا بوراندەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئوغۇزنىڭ قالقىنىغا تېگىپتۇ. لېكىن، ئوغۇزنىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەپتۇ. ئۇ ياراتقان ئىگىسىگە سىغىنىپ شاپ پىچىقىنى قولغا ئېلىپ، دېۋىنىڭ بېشىغا بىر ئېتىپتىكەن، ئاۋۋىلى خۇدا، دېۋە جەھەننەمگە راۋان بوپتۇ. ئوغۇز قاراپ تۇرسۇنمۇ، كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ...

بۇ خەۋەر تارقالغاندا يايلاقنىڭ، يۇرتنىڭ كامالى كۈلۈپتۇ. شۇنداق بىر ھېيت - مەرىكە قىلىشىپتۇكى، پەلەكمۇ خۇش بوپتۇ. شۇ كۈندىن كېيىن ئىنسانلار پالۋانلار بېشى ئوغۇزنى خانلاردىن ئۈستۈن خان بىلىپ باشلىرىغا تاج قىپتۇ...

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ئوغۇز بىر تاغنىڭ چوققىسىدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغىنىدا بىردىن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، كۆز كۆزنى كۆرگىلى بولماي قاپتۇ. بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆپكۆك بىر نۇر پەيدا بوپتۇ... ئۇ ئۇدۇل قارىسا نە ئاي ئەمەس، نە يۇلتۇز ئەمەس، ئاي بىلەن تەڭلەشتۈرسە كۈن بولۇپ تۇغقان بىر قىز ئىمىش. كۈلسە نۇرمۇ كۈلەر ئىمىش، يىغلىسا نۇرمۇ يىغلار ئىمىش... ئوغۇز بىر قاراپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپتۇ، يەنە بىر قاراپ ئېسىگە كەپتۇ...

كېيىن ئۇلار قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ مۇرادىغا يېتىپتۇ... ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئوغۇزنىڭ بۇ نۇر جامالدىن ئۈچ ئوغلى بوپتۇ. بىرى قۇياش، بىرى ئاي، بىرى يۇلتۇز ئىكەن...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز شىكارغا چىقىپتۇ... مېڭىپتۇ - مېڭىپتۇ، چىمەنلىكلەرنى كېزىپتۇ، لالە - سۇمبۇل تېرىپتۇ، ساي - جىلغىلار ئېشىپتۇ، ئالدىدا كۆپكۆك بىر كۆل پەيدا بوپتۇ... كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخ، دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر قىزنى كۆرۈپتۇ. گۈزەل دېسە دېگۈچىلىكى بار ئىمىش، بېقىشلىرى ئاھۇ كېيىكتەك، يېقىشلىرى

قىپقىزىل چوغدەك ئىمىش. كۈلسە كۆلمۇ كۈلەر ئىمىش، يىغلىسا كۆلمۇ يىغلار ئىمىش... ئادەمنى كۆرسە چىراي ئاچماس، قېمىزدەك ئېرىپ ئاقماس ئىمىش. ئوغۇزنىڭ يۈرىكىگە شۇنداق بىر ئوت چۈشۈپتۇكى، كۆيۈپ كۈل بولۇشقا ئاز قاپتۇ. «قانداق قىلاي، ئۇ پېشانەمگە يېزىلغان بولسا، بۇمۇ يۈرىكىمنىڭ بىر ئاغرىقى!» دەپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىسال ئارزۇسىغا يېتىپتۇ. ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ ئاھۇ كۆزلۈكتىنمۇ ئۈچ پەرزەنت كۆرۈپتۇ. بىرى كۆك، بىرى تاغ، بىرى دېڭىز بوپتۇ.

تەڭرى ئوغۇزنى ھەممە مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ھاسىل بولمىغان بىر مۇرادى قاپتۇ... كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئەلگە چوڭ داستىخان سېلىپ توي بېرىپتۇ. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە بەگلەرنى تەكلىپ قىلىپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلىگەندىن كېيىن:

— ئەي باتۇرلىرىم، پالۋانلىرىم، — دەپتۇ ئوغۇز، — تەڭرى خالاپتىكەن، سىلەرگە خان بولدۇم، خاقان بولدۇم، تەختكە چىققان كۈنۈمدىن بېرى زىممەمگە چۈشكەننى قىلدىم. ئۆيۈڭلەرنى ئۆيۈم، ئوچىقىڭلارنى ئوچىقىم بىلىپ يىغلىغانلار بىلەن يىغلىدىم، كۈلگەنلەر بىلەن كۈلدۈم. بۇ تۇپرىقىمىزنى شۇنداق بىر تىرىكچىلىك مەئىشىتىگە ئېرىشتۈردۈمكى، ئەمدى نە دىۋىلەر كېلەلمەس، نە جىن - شەيتانلار تېگەلمەس بولدى... لېكىن، يايلىقىمىز بىر غېرىچ، يۇرتىمىز بىر غۇلاچ. بۇ يەرلەرگە سىغماس بولدۇق... بىلىكىمگە بىلەك، يۈرىكىمگە يۈرەك بولساڭلار شۇ دۇنيانى ئالقىنىمغا ئېلىپ، يەتمىش ئىككى مىللەتنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاشنى ئويلايمەن. تىلىڭلارنىڭ تېگىدىكىنى ئېيتىڭلار ئەمدى!

بۇنداق خانغا كىم قۇربان بولماس... ئوغۇز بەگلىرى بىر ئېغىزدىن:

— ئەي خانلار خانى، — دەپتۇ، — كۆڭلىڭىزگە شۇ ئوي كەلگەن بولسا ھەممىمىز ئاغزىڭىزغا قارايمىز. نامىڭىز نامىمىز، مۇرادىڭىز مۇرادىمىز، ئۆل دېگەن يېرىڭىزدە ئۆلىمىز، قال دېگەن يېرىڭىزدە قالىمىز...

— بۇيرۇقۇمغا باش ئەگكەنلەرنى بېشىمغا ئالىمەن، بېرىپ يەنە ئۆز دۆلىتىنى سورىسۇن، لېكىن باش ئەگمىگەنلەرنىڭ جېنىغا ۋاي، ئەجىلىگە ھازىر بولسۇن!...

ئۇ چاغلاردا ئوغۇزلارنىڭ ئوڭ قانىتىدا «ئالتۇن خان»، سول قانىتىدا «كۆمۈش خان» دېگەن خانلار بار ئىكەن. ئالتۇن خان پەرمانىنى ئالغاندا، سۆيۈنۈپ بېشىغا قويۇپتۇ:

— تاج - تەختىمگە تەگمىگەندىن كېيىن، بار - يوقۇم ئۇنىڭ بولسۇن! — دەپ ئوغۇزنىڭ تۇغى ئاستىغا كىرىپتۇ. لېكىن كۆمۈش خان: «مەن ھېچكىمنىڭ تۇغى، بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا كىرمەيمەن، كەلگۈچى بولسا كۆرىدىغىنى بار!» دەپ مەيدانغا چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇز دەرغەزەپكە كەپتۇ: «ئەمرىمگە قارشى چىققان سەنمۇ!» دەپ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىپتۇ. لەشكەر ئۈستىگە لەشكەر يىغىپ، نەيزىلەر ئورمان بوپتۇ. قارا

تاغدىن كەلگەن قارا سەلدەك ئېقىپ ئۇچماس، كارۋان كەزمەس بىر يەرگە كەپتۇ. ئوغۇزخان كېلىپ ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا چېدىرنىڭ ئىچىگە بىر يورۇقلۇقنىڭ شولىسى چۈشۈپتۇ. بۇ شولا ئىچىدىن كۆك ياللىق بىر بۆرە چىقىپ:

— نېمە تىلىكىڭ بولسا مەندىن تىلە، — دەپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ... «ئىدىل» دېگەن دەريانىڭ بويىغا يېتىپتۇ. ھالبۇكى، كۈمۈش خانمۇ تاغۇتاشنى توپىلاپ ئۇ دەريانىڭ بېشىغا كەپتىكەن. شۇنداق بىر يىغا بوپتۇكى، يازسا - يازسا تۈگىمەس بىر داستان بوپتۇ... دەريا قان بولۇپ ئېقىپ، ئاتلارنىمۇ سۇغارغىلى بولماپتۇ. قېنى ئۇ يوغان گەپ قىلغان كۈمۈش خان! تاتلىق جېنىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. تاج - تەختى ئوغۇزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ.

بۇ قانلىق يېغىدىن كېيىنمۇ توپىلاڭ بېسىلماپتۇ...

«شائىر سۆزى ئۇز بولۇر، كۆپ ئۇزارتساق سۆز بولۇر»، ئوغۇزخان يەنە بىرنەچچە ئۆتكىلى بولماس سۇلاردىن ئۆتۈپ، ئاشقىلى بولماس تاغلارنى ئېشىپ، يېڭىلمەس ياۋلارنى يېڭىپ، ئېچىلماس قەلئەلەرنى ئېچىپ، يەتتە ئىقلىم، تۆت ئەتراپىنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاپتۇ. ئۆز تۇغى ئاستىغا ئالغان يەرلەرنى بىلىكى ھەم يۈرىكىگە ئىشەنگەن خان - خانىملارغا تاپشۇرۇپ، ئۇلاردىن بىرىگە: «ئال، ساقلا، ساڭا ئاتا قىلدىم بۇ يېشىل يۇرتنى!» دەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئۇرۇقنىڭ نامى «ساقلىغۇچ» بوپتۇ... يەنە بىرىگە: «تۇر، بۇ يەردە، يوغىنىغىنىڭچە يوغىنا بۇ يۇرتتا!» دەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ جەمەتنىڭ نامى «تۇرغۇچ» بوپتۇ. يەنە نېمىلەر بولغانلىقىنى كىم بىلسۇن، خانلار خانى قىلىچىنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن قولىغا چۈشكەن، تاپىنى يەتكەن يەرلەردە يىگىرمە نەچچە بەگلىك قۇرۇپ، ئۆز يۇرت - يايلىقىغا قايتىپتۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ چاچلىرى شۇ يوللاردا ئاقىرىپتۇ...

شۇ زامانلاردا «قۇتلۇق» دېگەن ياشانغان ئاقساقاللىق بىر خوجا ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەقىل - پاراسەتلىك كىشى بولۇپ، دۇنيادا بىلمەيدىغىنى يوق، ھەر نەرسىگە ئاقىل ئەر ئىكەن. ئوغۇزخان ئۇنى بېشىدا كۆتۈرۈپ، ھەر سۆزىنى بىر كارامەت ھېسابلايدىكەن.

بىر كۈنى بۇ ئاقساقاللىق خوجا چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن بىر كۈمۈش ئوق كۆرۈپتۇ. ئالتۇن يانىڭ كىرىچى كۈندۈز تەرەپكە سوزۇلسا، كۈمۈش ئوق كېچە تەرەپكە ئۇچۇپتۇ. ئۇ تاڭ سەھەردە ئوغۇزخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ چۈشىگە خەيرلىك تەبىر بەرگەندىن كېيىن ئوغۇزغا بېشارەت قىپتۇ. خانلار خانىمۇ ئۇنىڭ تەلىمى بويىچە ئوغۇللىرىنى چاقىرتىپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى غەنىيمەت. چوڭ ئوغۇللىرىم ئەتىلا كۈنچىقىشقا قاراپ مېڭىڭلار، كىچىك ئوغۇللىرىم كۈنپېتىشقا قاراپ مېڭىڭلار. قىسمىتىڭلاردا نېمە بولسا شۇ چىقار تەلىيىڭلەرگە! — دەپ ئۇلارغا بەخت تىلەپتۇ...

قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار كۈنچىقىش تەرەپكە؛ كۆل، تاغ، دېڭىزلار كۈنپېتىش تە-

رەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئوي ـ دالا، ساي ـ سالا دېمەپتۇ، ئالتە ئاي بىر كۈن مېڭىپتۇ. كۈنچىقىشقا ماڭغان چوڭ قېرىنداشلار بىر ئالتۇن يا تېپىپتۇ، كۈنپېتىشقا ماڭغان كىچىك قېرىنداشلارمۇ بىر كۈمۈش ئوق تېپىپتۇ!

«مانا بۇ دۇنيادىكى نېسىۋىمىز!» دېيىشىپ، ئەكېلىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئوغۇز خۇرسەن بوپتۇ ۋە ئالتۇن يانى ئۈچكە بۆلۈپ چوڭ ئوغۇللىرىغا بېرىپ:

— ئەي چوڭ ئوغۇللىرىم، — دەپتۇ ئوغۇز، — يا سىلەرنىڭ بولسۇن، يادۇر ئوقنى ئاتقان، سىلەرمۇ يادەك بولۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن «كۆك ئوق»[1] بولسۇن نامىڭلار، — دەپتۇ. ئاندىن كۈمۈش ئوقنىمۇ ئۈچكە بۆلۈپ كىچىك ئوغۇللىرىغا بېرىپ:

— ئەي كىچىك ئوغۇللىرىم، — دەپتۇ ئۇ، — ئوق سىلەرنىڭ بولسۇن. ئوقدۇر كۆكلەرگە ئېتىلغان. سىلەرمۇ ئوقتەك بولۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن «ئۈچ ئوق»[2] بولسۇن نامىڭلار، — دەپتۇ.

بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ئوغۇزخان بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ خاندىن چوپانغىچە ھەممەيلەننى يىغىپتۇ ۋە ئوڭ يېنىغا قىرىق غۇلاچ ئېگىزلىكتە بىر خادا تىكتۈرۈپ، ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇپ، تۈۋىگە بىر ئاق قوي باغلاپتۇ... سول يېنىغىمۇ شۇنداق خادا تىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇپ، تۈۋىگە بىر قارا قوي باغلاپتۇ. ئوڭ يېنىدا كۆك ئوقلارنى، سول يېنىدا ئۈچ ئوقلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ مەرىكە قىلغاندىن كېيىن خانلار خانى سۆز ئېچىپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، قاناتلىرىم، قوللىرىم! مەن كۆپ ياشىدىم، كۆپنى كۆردۈم. دۈشمەنلىرىمنى يىغلىتىپ دوستلىرىمنى كۈلدۈردۈم. ئەمدى ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى. ساناقلىق كۈنلىرىم قالدى... پانىي دۇنيا كىمگە قالسۇن، يۇرت ـ يايلىقىمنى سىلەرگە ئامانەت قىلىمەن. سۇلار قۇرۇسا قۇرۇسۇنكى، نەسلىمىز قۇرۇمىسۇن، بۇ دۇنيادا نامىمىز ئۆچمىسۇن... — دەپتۇ.

سۆزى ئاياغلىشىش بىلەن تەڭلا ئوغۇز ئارىدىن غايىب بوپتۇ.

بۇ ئۇلۇغلار ئۇلۇغى سىر بولدىمۇ، نۇر بولدىمۇ، ئۇ يېرى نامەلۇم، ئەمما ئوغۇزخاننىڭ ۋەسىيىتى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. دۇنيادا نى ـ نى دەريا ـ دېڭىزلار قۇرۇپتۇ، تۈرك نەسلى قۇرۇماپتۇ، زامانلار كېسىلىپتۇ، كېتىپتۇ، پىلەك تارتىپ خەمەكلەپتۇ. كۆك ئوقلار كۆپىيىپ، ئۈچ ئوقلار ئۈلغىيىپ دېگەندەك، بۇ يايلاقتىن ئۇ يايلاققا كۆچۈپتۇ...

---

① «كۆك ئوق» — ئىچ ئوغۇزلارغا سىمۋول.

② «ئۈچ ئوق» — سىرت ئوغۇزلارغا سىمۋول.

ئافراسياپ:

# ئىنساننىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ئالدانماڭلار

ئافراسىياب ئۆزىنىڭ ئەمىرلىرىگە: «مەردلىك ۋە مەردانىلىك جەھەتتە سىناپ كۆرمەي
تۇرۇپ، كىشىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە، بوي ـ تۇرقى، چىراي ۋە شەكلىگە، لاپ ئۇر-
غانلىقىغا قاراپ ئالدىنىپ كەتمەڭلار» دېگەنىكەن.

بىر كۈنى ئافراسىياب ئەمىرلىرىدىن بىرىنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ بىر مۇھىم ئىش
توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن كېڭەش قىپتۇ. تۇساتتىن بىر چايان كېلىپ ئەمىرنىڭ كىيىمى ئى-
چىگە كىرىۋاپتۇ ـ دە، چېقىپ نەشتەر سانجىغىلى تۇرۇپتۇ. چايان شۇنداق قاتتىق چېقىپ-
تۇكى، ئۇنىڭ بارلىق زەھرى ۋە نەشتىرى كاردىن چىقىپتۇ. ئەمىرمۇ شۇ دەرىجىدە چى-
دام ۋە سەۋر ـ تاقەت كۆرسىتىپتۇكى، چىرايىنى ئازراقمۇ ئۆزگەرتىپ قويماپتۇ. مەسلىھەت-
تىن توختاپمۇ قالماپتۇ.

كېڭەش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئەمىر ئۆيگە بېرىپ چايانى كىيىمدىن
ئېلىپ تاشلاپتۇ. كېيىن بۇ ئەھۋال پادىشاھقا ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ ئىنتايىن
ھەيران بوپتۇ. ئەمىر ئىككىنچى قېتىم پادىشاھنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن كەل-
گەندە پادىشاھ تەئەج-
جۈپلەنگەن ھالدا ئەمىر-
دىن سوراپتۇ:



— ئىنسان زىيانلىق
نەرسىنى ئۆزىدىن يىراق
قىلىشى زۆرۈر ئىدى.
سەن نېمە ئۈچۈن چايان-
نى دەرھال ئېلىپ
تاشلاپ، ئۆزۈڭنى ئازاب-
تىن خالاس قىلمىدىڭ؟

ئەمىر جاۋاب بېرىپ:

— مەن ئۆزلىرىدەك بۈيۈك پادىشاھنىڭ خىزمەت ۋە سۆھبەت رىشتىسىنى چايانىڭ نەشتەر ئۇرۇشى بىلەن ئۈزۈۋەتمەيمەن. ئەگەر، بۈگۈنكى كېچەشتە چايانىڭ چېقىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىسەم، كەلگۈسىدە ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنىنىڭ زەھەرلىك تىغىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلەيمەن؟ — دەپتۇ.

پادىشاھ ئەمىرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ساداقىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. مەرتىۋىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپتۇ. ئەمىر چىدام ۋە سەۋر - تاقىتى ئارقىلىق يۇقىرى مەرتىۋىگە مۇيەسسەر بوپتۇ.

تۇمارىس:

## گۇناھ جازاسىز قالماس

كاسپىي دېڭىزىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قۇش ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدىغان بىپايان قىرلاردا ماسساگىتلار ياشايدىكەن. ئىران پادىشاھى كىر ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋالماقچى بولۇپ، جەڭگە ئاتلىنىپتۇ.

ئۇ زامانلاردا ماسساگىتلارغا تۇمارىس دېگەن ئەقىللىك - دانا بىر ئايال پادىشاھ ئىكەن. تۇمارىسنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان كىر ئۇنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ ئېلىش يولى بىلەن ماسساگىتلارنىڭ يېرىگە ئىگە بولۇش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ تۇمارىسقا سوۋغىلار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. زېرەك تۇمارىس مەككار پادىشاھنىڭ ياۋۇز نىيىتىنى سېزىۋاپتۇ، ئۇنىڭغا خوتۇن ئەمەس، ماسساگىتلارنىڭ يۇرتى كېرەكلىكىنى بىلىپ ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلماپتۇ.

كىر ھىيلە - نەيرەڭنىڭ ئاقمىغانلىقىنى بىلىپ ئەسلىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپتۇ-دە، ئەركىس دەرياسى تەرەپكە يۈرۈش قىپتۇ. ئۇ ساللاردىن كۆۋرۈك ياسىتىپ، بەھىساب قوشۇن ۋە قورال - جابدۇقلارنى ساللارغا سېلىپ، دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا قاراپ يۈرۈش قىپتۇ. كىرنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەردار تۇمارىس تېزلىك بىلەن ئۇنىڭغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يەتكۈزۈپتۇ:

«ئەي مىدىيەلىك ماختانچاق پادىشاھ، بۇ نىيىتىڭدىن يان، چۈنكى بۇ قىلىۋاتقان ئىشىڭدىن ئۆزۈڭگە پايدا ياكى زىيان تېگىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن. تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق بىلەن ئۆز يۇرتۇڭغا ھۆكۈمرانلىق قىل، بىزنىڭ يۇرتىمىزنى ئۆزىمىزگە قويۇپ بەر. ئەمما بىز بىلىمىزكى، سەن تىنچلىقنى خالىمايسەن، شۇ سەۋەبتىن مەسلىھەتىمىزگە كىرمە-

سەك، ماسساگېتلار بىلەن قارشىلىششنى خالىساڭ، كۆۋرۈك ياسايمەن، دەپ ئاۋارە بو-
لۇپ يۈرمە. بىزگە ئېيتساڭ بىز ساڭا يول قويۇپ، دەريادىن ئۈچ كۈنلۈك يىراقلاپ
كۆچۈپ كېتىمىز. سەن بىمالال دەريادىن ئۆتسەڭ، ئاندىن يۈزمۇ - يۈز ئۇرۇشىمىز.
ئەگەر بىز بىلەن دەريانىڭ ئۆزلۈك تۇرغان قىرغىقىدا ئۇچراشماقچى بولساڭ ئۇنىمۇ
ئېيت، بۇنىڭغىمۇ بىز تەييار، پەقەت نامەردلىك قىلمىساڭلا بولدى. »
كىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشۈپ ئالدىراشلىق بىلەن سەركەردىلىرىنى
توپلاپ ئۇلاردىن مەسلىھەت سوراپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ پىكرى تومارىسنى ئىرانغا باشلاپ
كېلىپ جەڭ قىلىش دېگەنگە مەركەزلىشىپتۇ. پەقەت ئاچچىقى يامان ۋەزىرى بۇ پىكىرگە
قارشى چىقىپتۇ. ئۇ تومارىسنىڭ ۋەتىنىدە ئۇرۇش ئېچىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ.
شۇنىڭدىن كېيىن كىر تومارىسنىڭ قىرغاقتىن ئۇزاقلىشىشنى تەلەپ قىلىپ، دەريانىڭ
تومارىس تۇرغان تەرىپىدىن ئۇرۇش قىلىشنى جاكارلاپتۇ. تومارىس ۋەدىسىدە تۇرۇپ
ئۈچ كۈنلۈك يىراققا چېكىنىپتۇ...
كىر قوشۇنى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپتۇ.
كېيىن كىر ماسساگېتلارغا ھىيلە تۈزىقىنى قۇرۇپتۇ. نازۇ - نېمەتلەر بىلەن ئىچىملىك-
لەرنى تەييار قىلىپ ئەڭ يامان ئەسكەرلەردىن بىر توپنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئەڭ ياخ-
شى ئەسكەرلەر بىلەن ئالدىدا يۈرۈپ كېتىپتۇ. ماسساگېت قوشۇنلىرىنىڭ بىر توپى كەي-
خسراۋ قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسكەرلەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قىرىپ
تاشلاپتۇ. كېيىن زىياپەتنىڭ ئۈستىدىن چۈش-



كەن ماسساگېتلار تەييار
نازۇ نېمەت ۋە شا-
رابلاردىن بېشىنى كۆتۈ-
رەلمەپتۇ. ئىرانلىقلار
قوشۇنى قايتىپ كېلىپ،
ئۇلارنىڭ كۆپىنى ئۆلتۈ-
رۈپتۇ، بەزىلىرىنى ئە-
سىر ئاپتۇ. ئەسىرلەر ئى-
چىدە تومارىسنىڭ ئوغلى
سىپەرگەنىزمۇ بار ئى-
كەن.
تومارىس ئوغلى ۋە
ئەسكەرلىرىنىڭ ۋەقەسى-
دىن خەۋەر تاپقاندىن
كېيىن كىرغا چاپارمەن

ئەۋەتىپ، تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يەتكۈزۈپتۇ:

«ئەي قانخور كىر، قىلغان ئىشىڭ بىلەن ماختىنىمەن دېمە، سەن مېنىڭ ئوغلۇمنى يۈزمۇيۈز جەڭدە يەڭمەي، بەلكى مەككارلىق بىلەن شاراب ئىچۈرۈپ قولغا چۈشۈردۈڭ. ئەمدى مېنىڭ نەسىھەتىمگە قۇلاق سال، ئوغلۇمنى ماڭا تاپشۇرۇپ، زىيان ـ زەخمەتسىز كەلگەن يېرىڭگە قايتىپ كەت، ماسساگېت قوشۇنىنى ھيلە ئىشلىتىپ قولغا چۈشۈرگىنىڭ بىلەن ئۆز ئېلىڭدە كېرىلىپ يۈر. ئەگەر سۆزۈمگە كىرمىسەڭ، ماسساگېتلار تەڭرىسى — قۇياشنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سەندەك ئاچ كۆز يۇھانى قان بىلەن سۇغىرىمەن.»

كىر ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ھېچقانداق ئېتىبار قىلماپتۇ. تۇمارىسنىڭ ئوغلى سىپەرگىنىز ئەتىسى ھوشىغا كېلىپ، ھەممە ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپتۇ، كىردىن كىشەندىن بوشىتىشنى سوراپتۇ. ئارزۇسى بەجا كەلتۈرۈلۈپ، قول ـ پۇتى كىشەندىن ئازاد قىلىنىپتۇ. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان خاتاسىغا پۇشايمان قىلىپ، نومۇس كۈچىدىن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈپتۇ.

تۇمارىس كىرغا قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ كار قىلمىغانلىقىنى چۈشىنىپ، بارلىق كۈچلىرىنى توپلاپ كىرغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ. شىددەتلىك جەڭ بوپتۇ. ئېيتىلىشىچە، كۈچمەنچى قەبىلىلەر شۇ چاغقىچە بۇنداق قاتتىق، بۇنداق دەھشەتلىك جەڭنى زادىلا كۆرمەگەنىكەن. دەسلەپتە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى بىر ـ بىرىگە يۈزمۇيۈز تۇرۇپ، يالىرىدىن توختىماي ئوق ياغدۇرۇپتۇ. كېيىن ئوقدانلاردا ئوق تۈگەپ، ئەسكەرلەر بىر ـ بىرى بىلەن كىرىشىپ كېتىپتۇ. نەيزىۋازلىق ۋە قىلىچۋازلىق راسا قىزىپتۇ. جەڭ ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلغان بولسىمۇ ھېچكىم جەڭ مەيدانىنى تاشلاپ كەتمەپتۇ. ئاخىرىدا ماسساگېتلار ئىرانلىقلار قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمىنى قىرىپ تاشلاپتۇ، بىر كەم ئوتتۇز يىل سەلتەنەت تەختىدە ھۆكۈم سۈرگەن كىرنى ئۆلتۈرۈپتۇ.

جەڭ تۈگىگەندىن كېيىن تۇمارىس بىر تۇلۇمنى ئادەمنىڭ قېنى بىلەن تولدۇرۇپ، كىرنىڭ جەسىتىنى ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. تۇمارىس ئۇنىڭ بېشىنى قان بىلەن تولدۇرۇلغان تۇلۇمغا سېپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ جەسىتىگە غەزەپ ۋە نەپرەت بىلەن قاراپ، مۇنۇ سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ:

— ئەي نامەرد، سەن دۇنيادا ھالال ياشاۋاتقان بىر ئائىلىنى مەككارلىق بىلەن ئوغلىدىن جۇدا قىلىپ، پەرزەنت داغىدا كۆيدۈردۈڭ. سەن ئۆمرۈڭ بويى قانغا تويمىدىڭ. مەن ئىچكەن قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ، سېنى قان بىلەن سۇغاردىم...

شىراق:

## ۋەتەن ئۈچۈن جان بەرسە ئەرزىيدۇ

قەدىمكى زاماندا دەريا بويلىرىدا كۆچۈپ يۈرۈپ تىرىكچىلىك قىلغۇچى ساك قەبىلىلىرىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەت چۈشۈپتۇ. ئىران پادىشاھى دارا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇنبەت يەرلىرىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن سان ـ ساناقسىز ئەسكەرلىرى بىلەن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ساك ئۇرۇقىغا تەھدىت ساپتۇ. ساك ئۇرۇقىنىڭ ئاقساقاللىرىدىن سەكسپەر، ئۆمەرگى، ئومارىس بىر ئورتاققا يىغىلىپ قانداق قىلىپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇ چاغدا قىردا بىر ئادەم پەيدا بولۇپ ئۇدۇل ئاقساقاللار ئولتۇرغان يەرگە كەپتۇ.

ئۇ شىراق ئىسىملىك بىر پادىچى يىگىت ئىكەن، شىراق شۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر سىلەر مېنىڭ بالىچاقىلىرىمنى ۋە نەۋرىلىرىمنى بېقىشنى ئۈستۈڭلەرگە ئالساڭلار، مەن ئۆز جېنىمدىن كېچىپ ئىران لەشكەرلىرىنى قىرىپ تاشلايمەن.

ئاقساقاللار ئۇنىڭ دېگىنىنى قوبۇل قىلىپ قەسەم قىلىشىپتۇ. شىراق يېنىدىن ئۆتكۈر پىچىقىنى ئېلىپ ئالدى بىلەن قۇلاق ۋە بۇرنىنى كېسىپتۇ، ئاندىن پۈتۈن بەدىنىنى تىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گويا ئۆز ئۇرۇقىغا مەلئۇنلۇق قىلىپ سۈرگۈن بولغان ئادەم قىياپىتىدە دۈشمەن تەرەپكە يول ئاپتۇ.

شىراق دارانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆز قەبىلداشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ. ئۇ داراغا:

— ئەي شاھىنشاھ، مەن سىزگە بولغان ئېتىقادىم تۈپەيلى مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشتۈم. ئۇرۇقداشلىرىمغا: «بىز دارا ھەزرەتلىرىگە بويسۇنايلى» دەپ مەسلىھەت بېرىشىمگە ئۇلار مېنى باغلاپ رەھىمسىز ھالدا قۇلاق، بۇرنۇمنى كەستى، ھالىمغا يېتىپ ئۆچۈمنى ئېلىشقا ياردەم بېرىڭ! — دەپتۇ.

دارا شىراقنىڭ بىچارە ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئېچىنىپتۇ. دېگەنلىرىگە ئىشىنىپ جەڭگە تەييارلىق قىلىش پەرمانى چۈشۈرۈپتۇ. شىراق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ دارانىڭ ئالدىدا ئۆچمەس ئوت ۋە مۇقەددەس سۇ نامىدىن قەسەم ئىچىپ شۇنداق دەپتۇ:

— پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن دۈشمەنلىرىمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن جېنىمنى تىكتىم. ئۇلارنىڭ قانلىرى كۆز ئالدىمدا دەريا بولۇپ ئاقمىغىچە زادى توختىمايمەن. ساكلار دەل

بۈگۈن كېچە ئۇتاغلىرىنى بۇزۇپ، بالچاقلىرى بىلەن سىلەر قوغلاپ يېتەلمەيدىغان ئۇ-
زاق جايغا كۆچۈپ كېتىشكە مەسلىھەت قىلىشقانىدى. ئەگەر خالىسىلا ئۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ
ئالدىنى توسىغىلى بولىدىغان جايغا باشلاپ بارىمەن. شۇنداقلا ساكالارنىڭ يولىنى تو-
سۇپ، ئۇلارنى كېلىشى بىلەنلا تورغا چۈشكەن بېلىقتەك بىرنى قويماي تۇتۇۋالىمىز. كە-
مىنە قولىڭىز پادىچىلىق قىلىش جەريانىدا يىلقىلارنى ئوتلىتىپ يۈرۈپ، ھەممە ياقنىڭ
ئەھۋالىنى بىلىۋالغانمەن. سىلىنى خالىغان يەرگە باشلاپ بېرىش بىمالال قولۇمدىن كېلە-
دۇ. بىراق سىلى يەتتە كۈنگە يېتىدىغان نان، سۇ غەملىۋېلىشلىرى كېرەك.

شىراقنىڭ بۇ سۆزلىرى ئاسان غەلىبىگە ئۆگىنىپ قالغان ئىرانلىقلارنى غەيرەتلەندۈ-
رۈپتۇ. دارا ئۇنى ئۆز قوشۇنىغا يول باشلىغۇچى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. قوشۇن يەتتە كۈنلۈك
سۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن يولغا چىقىپتۇ.

بىرىنچى كۈنى ئوتلاقتا مېڭىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى قۇرۇغان ئوت - چۆپلەر ئاندا -
ساندا ئۇچراپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى باياۋان باشلىنىپتۇ. ساكالارنىڭ ھامىيسى ئاسىيا قۇياشى
كەلگۈندى باسقۇن-
چىلارنىڭ بېشىغا ئوت
ياغدۇرۇپتۇ. ئەسكەرلەرنىڭ
لەۋلىرى قۇرۇپ، ئەھۋال ئېغىرلىشىپ-
تۇ. ئىرانلىقلارنىڭ لەشكەربېشى راناس-
بات تاقىتى - تاق بولۇپ، مەنزىلگە
قانچىلىك قالغانلىقىنى شىراقتىن سوراپ-
تۇ. شىراق سوغۇققانلىق بىلەن مەنزىل-
گە يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

بىراق سەپەرنىڭ يەتتىنچى كۈنىمۇ
ساكالاردىن دېرەك بولماپتۇ، راناسبات
ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، غەزەپ بىلەن
شىراقتا:

— ۋەدەڭگە ۋاپا قىلمىدىڭ
زاتى پەس ساك، ھەممە ياق چۆل -
باياۋان، بۇ يەرلەردە ئادەم
يۈرسە ئايغى، قۇش ئۇچ-
سا قانىتى كۆيە-



دۇ. كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، بىزدە نە سۇ، نە ئوزۇق ـ تۈلۈك قالمىدى. بۇ مىستەك قىزىپ كەتكەن قۇملۇقتىن نە ئالدىڭغا، نە ئارقاڭغا بىر قەدەم بېسىش مۇمكىن ئەمەس، سېنى ئۇلۇغ پادىشاھنى ئالداپ شۇنچە بىھېساب قوشۇننى ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ كېلىشكە نېمە مەجبۇر قىلدى؟ — دەپتۇ.

شىراق لەشكەربېشىنىڭ قان تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزىگە تىكىلىپتۇ ۋە قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— مەن يەڭدىم، يالغۇز ئۆزۈم پۈتۈن قوشۇننى يەڭدىم. جانجان قەبىلەم ساكلار ۋە ئانا تۇپرىقىمنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازانىڭ ئالدىنى ئېلىپ، باسقۇنچى ئىران لەشكەرلىرىنى ھالاكەتكە ئېلىپ كەلدىم. تۆت تەرىپىڭلارنىڭ ھەرقايسىسى يەتتە كۈنلۈك يول، خالىغان يېرىڭلارغا كېتىڭلار، بەربىر ھەممىڭلار ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولىسىلەر. مېنىڭ قېنىم بولسا مۇشۇ يەرگە تۆكۈلىدۇ، — دەپتۇ.

شىراقنىڭ سۆزلىرى راناسباتنىڭ يۈرىكىگە نەيزىدەك قادىلىپتۇ. ئۇ شىراقنىڭ بېشىنى قىلىچ بىلەن ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. دارانىڭ ئەسكەرلىرى ساكلارغا قارشى يۈرۈشنى توختىتىپ، پاراكەندە بولۇپ كېتىپتۇ.

شىراقنىڭ قەھرىمانلىقى كىشىلەر قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئاپتۇ.

سۇتۇق بۇغراخان:

## كۆڭۈللەرنى ئاسراڭلار

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان زامانىدا قاراخانىيلار خانلىقى تازا گۈللەنگەن بولۇپ، ئەل ئامان، تۇرمۇش پاراۋان، كۆڭۈللەر شادىمان ئىكەن. ئەل دانا ھەم ئادىل خاقانىدىن مىننەتدار بولۇپ، ئۇ زاتنىڭ تەختىگە سەلتەنەت، تېنىگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيدىكەن.

شۇ زاماندا شەھەردىن يىراق جايدا، تەكلىماكاننىڭ بىر بۇلۇڭىدا، توغراقلار سايە تاشلاپ تۇرغان كۆلنىڭ بويىدا بىر جۈپ ئاق كۆڭۈل بوۋاي ـ موماي ياشايدىكەن. ئۇلار ئايدا ـ يىلدا بىرەر قېتىم ئۆتۈپ قالىدىغان مالچىلار ياكى سودىگەرلەردىن باشقا كىشىلەرنى ئاساسەن كۆرمەيدىكەن. ئۇلار يىل بويى بىر توپ ئۆچكىسى،10ـ 20 توخۇسى ۋە كۆلدىكى بېلىقلىرىغا تايىنىپ كۈن ئالىدىكەن. قورۇسى ئالدىدىكى كۆل ئەتىيازدا بوران دەستىدىن چاۋا ـ چاتقاللارغا تولۇپ كەتسە، كۈزدە توغراق غازاڭلىرى بىلەن چۈمكىلىپ كېتىدىكەن. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار بۇ كۆلنىڭ لاتقىسىنى چى-

قىرىپ، ئەخلىتىنى سۈزۈپ ئاسراپ تۇرىدىكەن. چۈنكى، بۇ كۆل بۇ بىر پارچە زېمىنىنىڭ ئىگىسى بولغان بوۋاي ـ موماينىڭ ھەم ئۇلارنىڭ جان ـ جانىۋارلىرىنىڭ ھاياتلىق تايانچى ئىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر جاھانكەزدى سودىگەر ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئاددىي سودىدىن كېيىن ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپتۇ. كۆپنى كۆرگەن گەپدان سودىگەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تەرىپلەپ، بوۋاي بىلەن مومايىنى ھاياجانغا سېلىۋېتىپتۇ. ئەتىسى سودىگەر ماللىرىنى تۆگىلىرىگە ئارتىپ يولغا راۋان بوپتۇ. سودىگەرنىڭ قارىسى يىتكەندىن كېيىن بوۋاي بىلەن موماي ھويلىغا كىرىپ ساتما ئاستىدا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ قاپتۇ.

— بۈيۈك بۇغراخانىمىز مۇشۇ يەرلەردىن ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا ئوبدان بىر مېھمان قىلىۋالساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە؟ — دەپتۇ بوۋاي.

— قارىسام بېلىقلارمۇ تازا يوغىناپتۇ. بېلىق كاۋىپى بىلەن ئوبدان كۈتۈۋالاتتۇق، — دەپتۇ موماي.

— توغرا دەيسەن، — دەپتۇ بوۋاي، — بىزنىڭ بېلىقلارنىڭ گۆشىزە، پاھ، پاھ، پاھ...

— ئۇ خاقان ئادەتتە نېمە ئىچىدىغاندۇ؟ ئۇ كىشىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى بىزنىڭ كۆلنىڭكىدەك تاتلىقمىدۇ؟

— ئۇنى بىلمىدىم، ئەمما، ئالدىنقى ئاي توپتوغراقتا تويغا بارمىدىممۇ؟! ئۇ يەرنىڭ سۈيى ئاغزىمغا تېتىمايلا قالدى، قارا. ئۈچ كۈنگىچە كۆلىمىزنىڭ سۈيىنى سېغىنىپ بولالمايلا قالدىم.

— بولمىسا، كۆلنىڭ سۈيىدىن بىر قاپاق ئېلىپ خاقانىمىزغا سوۋغا قىلساقمىكىنا؟!

— ھوي موماي، بۇمۇ بولغۇدەك جۇمۇ!



شۇنداق مەسلىھەتلەر بىلەن ئۇلار بىر قاپاق سۇنى بۇغراخانغا ئاپىرىپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئەل ئۆمرىدە شەھەر كۆرمىگەن بوۋاي بىر قاپاق سۇنى ئېلىپ ئۆشنىسىگە ئارتىپ قاراخانىيلارنىڭ ئاستانىسى قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. مومىي ئاقيول تىلەپ ئۆيدە قاپتۇ. بوۋاي ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ قەشقەرگە ئىككى ـ ئۈچ كۈنلۈك يول قالغاندا قورال ـ ياراغلىق بىر توپ ئاتلىق كىشىلەر جاڭگالدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. ئاتلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاق ئارغى-

ماقا منگەن، سۇلەتلىك ئوتتۇرا ياش كىشى دەل سۇتۇق بۇغراخان بولۇپ، بۇغراخان
بىر قىسىم نۆكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىققانىكەن. بوۋاينى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن بۇغرا-
خان ئاتتىن چۈشۈپ ئۇنىڭغا سالام بېرىپتۇ. بۇغراخان قىزىقسىنىپ بوۋاينىڭ نەدىن كې-
لىپ، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى، نېمە ۋەجىدىن ئۆزى يالغۇز سەپەر قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.
بوۋاي مەقسىتىنى بىرمۇبىر ئېيتىپ بېرىپتۇ.

بۇغراخان بۇ بوۋاينىڭ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ-دە، ئۆزىنىڭ
كىملىكىنى دېمەستىن:

— قاپىقىڭىزدىكى سۇنى تېتىپ باقسام بولامدۇ بوۋا؟ — دەپتۇ. بوۋاي بۇغراخانغا
قاپاقنى قوش قوللاپ سۇنۇپتۇ. بۇغراخان قاپاقنىڭ مەدىكىنى تارتىپ قاپاقنى ئاغزىغا يې-
قىن ئەكەلگەنىكەن، ئىچىدىن گۆپپىدە بەتبۇي پۇراق پۇراپتۇ. ھەممىنى چۈشەنگەن بۇغ-
راخان بوۋايغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئۆزلىرى قەشقەرگە بارمىسىلا، سەۋەبى شۇكى، بىر ھەپتە بولدى قەشقەردە ۋابا
كېسىلى تارقىلىپ، قەشقەر ئاھالىسى شەھەرنى تاشلاپ ئەتراپقا قاچقىلى تۇردى. بىزمۇ
شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن. بۇغراخانمۇ نەچچە كۈن ئىلگىرى شەھەردىن چىقىپ كەتكەن.
بىز يات ئاردا خان بىلەن تېپىشىمىز. سوۋغىلىرىنى بىزگە ئامانەت قىلسىلا. بىز تاپشۇ-
رۇپ قويايلى. ئۆزلىرىمۇ بالدۇرراق ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىۋالسىلا، — دەپتۇ-دە، بو-
ۋايغا بىر جۈپ ئۆتۈك ۋە بىر خالتا قەنت - گېزەك بېرىپتۇ. نائىلاج قال-
غان بوۋاي قاپاقنى قالدۇرۇپ، ئۆتۈكنى كىيىپ، قەنت -
گېزەك خالتىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ئۆيىگە قاراپ را-
ۋان بوپتۇ. بوۋاي كەتكەندىن كېيىن بۇغراخاننىڭ
ھەمراھلىرى ھەيران بولۇپ بۇغراخاندىن:

— سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ بۇنداق يالغانىنى
توقۇشىدىكى سەۋەب نېمىكىن؟ — دەپ
سوراپتۇ.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەمراھ-
لىرىغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ بۇ بو-
ۋاي جاھان كۆرمىگەن، ساددا، ئەمما
يۈرىكى تولىمۇ پاكىز كىشى ئىكەن.
ئۇ كۆڭلىدە ئۆيىنىڭ يېنىدىكى كۆل
سۈيىنى جاھاندا يوق نېمەت ھې-
سابلايدىكەن. مۇبادا ئۇ قەشقەرگە بېرىپ
قالسا، تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەر-



ياسدا جۇش ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان غول سۇنى كۆرسە، ئۆزىنىڭ بەكمۇ ساددىلىق قىلغانلىقى-
نى چۈشىنىپ ئۇيىلىپ قالىدۇ. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ لەت بولۇپ قېلىشىنى خالىمىدىم.
شۇڭا، بۇ بوۋاينىڭ ئۆز سوۋغىسىنى ئېسىل بىلگىنىچە خۇشال هالدا يۇرتىغا قايتىپ كېتى-
شىنى توغرا تاپتىم، — دەپتۇ.

بۇغراخاننىڭ هەمراهلىرى پۇقرانىڭ كۆڭلىنى ئۇلۇغ بىلىدىغان بۇ خىل ئالىيجانابلىق-
تىن قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ.

ئىبنى سىنا:

## ئەقىل كۆزۈڭ ئويغاق بولسا...

ئىبنى سىنا دائىم «ئەقىل كۆزۈڭ ئويغاق بولسا، سەن بىلمەيدىغان ئىش بولماس» دەيدىكەن. ئىبنى سىنانىڭ بۇ گەپلىرى كەڭرى تارقالغان بولغاچقا، باشقىلار دائىم ئۇنى سىناپ باقماقچى بولىدىكەن. شۇلاردىن بىرىدە شۇنداق دېيىلىدۇ:



بىر كۈنى بۇخارا ئەمىرى ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ ئۆيىدە سۆهبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپتۇ. ئۇ خىزمەتچىلەرگە ئىبنى سىنا ئولتۇرىدىغان كۇرسىنىڭ تۆت پۇتىنىڭ ئاستىغا تۆت تەڭگە باستۇرۇپ قويۇشىنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتچىلەرمۇ ئەمىرنىڭ ئېيتقىنىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئىبنى سىنا ئۆيگە كىرىپ، ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇپتۇ ۋە هەيران بولۇپ، هەدەپ هېلى ئېگىزگە، هېلى پەسكە قاراۋېرىشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ئەمىر ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىناغا قاراپ:

— ئالىممىز نېمىگە بۇنچە هەيران قالدىڭىز، سەۋەبىنى بىلىشكە بو-

لۇرمۇ؟ — دەپتۇ.
— ھەيرانمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىبن سىنا، — مېنىڭ ئورنۇم سەل ئېگىزلەپ قالغاندەك ياكى ئاسمان تۆۋەنلەپ قالغاندەك قىلىدۇ.
ئەمىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىبن سىنانىڭ سەزگۈرلۈكىگە ناھايىتى قايىل بوپتۇ.
يەنە بىر ھېكايەتتە دېيىلىشىچە، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ناھايىتى كۆپ كېسەللەرنى ئۆيىدە قوبۇل قىلار ئىكەن ھەم ھەر كۈنى كېسەللەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارنى كۆرۈپ ئۈلگۈرەلمەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزى ئولتۇرىدىغان قوبۇلخانىدىن كوچا تەرەپكە يىپ تارتىپ قويۇپتۇ. كېسەل كېلىپ، شۇ يىپنى تۇتسا، ئىبن سىنا يىپنىڭ تىترىشىدىن ئۇنىڭ تومۇر سوقۇشىنى بىلىپ، نېمە كېسەل ئىكەنلىكىنى دەرھال ئېيتىپ بېرىدىكەن.
بىر كۈنى مەلۇم بىر خاتىپ ئىبن سىنانى سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئاچ مۈشۈكنى تۇتۇپ كېلىپ، بىر پۇتىنى يىپقا باغلاپ قويۇپتۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا يىپنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ھەيران بولۇپتۇ ۋە ئويلانغان ھالدا شۇنداق دەپتۇ:
— بۇ كېسەل ئۆتكەن ھەپتە بەش مۈشۈك تۇغقان، ئۇنىڭ ئاچلىقتىن باشقا دەردى يوق. ئەگەر تېپىلسا، بەش چاشقان تۇتۇپ بېرىڭلار، بەك بولمىسا ئىككى چىشلەم گۆش بېرىڭلار، شۇنىڭ بىلەن ساقىيىپ كېتىدۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى خوتۇنغا قاراپتۇ. ئۇنىڭ قويىندا مۈشۈك بارلىقى، بۇ مۈشۈك راستتىنلا ئۆتكەن ھەپتىدە بەشنى ئاسلانلىغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر تېخىمۇ ھەيرانلىقتا پېتىپتۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنانىڭ ئەقلىنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈرلۈكىگە چىن دىللىرىدىن قايىل بولۇپتۇ. چوڭ چاقچاق قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن مۈشۈكنى قويىندا تۇتۇپ تۇرغان خوتۇن ئىبن سىنادىن ئۆزرە سوراشقا مەجبۇر بوپتۇ.
ئىبن سىنانى باشقىلارنىڭ سىناپ كۆرگەنلىكى ھەققىدە يەنە مۇنداق بىر قىزىق ھېكايەتمۇ بار: بۈيۈك تېۋىپ ئىبن سىنانى جىگەر كېسىلى بولۇپ قالغان بىر بىمارنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئەمما ئىبن سىنانىڭ ۋاقتى زىچ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ «ئالدىمغا بىمارنىڭ تاماق قاچىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار، شۇنىڭغا قاراپ كېسىلىنى ئېنىقلايمەن» دەپتۇ.
ئۇلار ئىبن سىنانىڭ ئېيتقىنى بويىچە قىلماقچى بوپتۇ. ئەمما ئالىمنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇشۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا سىيرنىڭ تاماق قاچىسىنى ئېلىپ كېلىشىپتۇ.
ئىبن سىنا ئىدىشنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە:
— ئاپلا، سىلەرنىڭ بىمار سامان يەپ قويۇپتىغۇ، ئېيتىڭلار، ساماندىن كۆرە كۆك ئوت يېسۇن، تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
بىمارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بۇ گەپتىن قاتتىق ئىزا تارتىپ كېتىپتۇ.

فارابى:

# ئىنسان قەلبىنىڭ مۆجىزىسى

سىر ياقىسىدىكى فاراب قىشلىقىنىڭ كىشىلىرىدىن مۇھەممەد جاھانغا مەشھۇر ئەھلى دانىشلاردىن ئىكەن. ئۇ ئىلمۇ ھېكمەت بابىدا ئارەستۇدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز» بولۇپ، «ئەل فارابى» نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەنىكەن.

ئەلقىسسە، ئۇ يۇنان سەپىرىدىن قايتىشىدا مىڭلاپ غارايىبات قاتارىدا بىر مۆجىزە ئېلىپ قايتىپتۇكى، ئۇنىڭ ئېتى نەي ئىكەن.

ئەپسۇسكى، ئۇستاز قايتىپ كەلگەندە، ئەلدە خۇشاللىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىكەن. چۈنكى، پۇقرالارنىڭ كۆپچىلىكى، جۈملىدىن ئەلفارابىنىڭ يەككە - يېگانە جىگەر پارىسى — ئاكىسىمۇ بەلۇجىستان باسمىچىلىرىغا ئەسىرگە چۈشۈپ، ھەيدەپ كېتىلگەنىكەن.

ئۇستاز چەكسىز قايغۇ - ئىزتىراپ چېكىپ، نەي چېلىپ نالە قىپتۇ. ھەسرەتۇ ھىجران دەردىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۈيلەپ «چۆلى ئىراق»، «ئۇششاق» دېگەندەك كۆڭۈللەرنى ئەزگۈچى ناۋالارنى ئىجاد قىپتۇ. ئاخىر ئۇ تاقىتى تۈگەپ، جىگەر پارىسى — ئاكىسىنى تىلىۋېلىش ئۈمىدىدە بەلۇجىستان شاھىنىڭ ئوردىسىنى كۆزلەپ يولغا راۋان بوپتۇ.



فارابى بەجۇلىستانغا يېتىپ كەپتۇ. قارىسا ئۇ دەرگاھ بەئەينى جەھەننەمگە ئايلانغان، پەلەك گۈمبىزىنى ئاھۇ نالە سادالىرى قاپلىغان بولۇپ، ئۇستازنىڭ ئاكىسى قاتارى ساناقسىز ئەسىر - قۇللار پىژغىرىم ئىسسىقتا قارا تەرگە چۆمۈپ ئىشلەۋاتقانىكەن. ئۇستاز كۆز ئالدىدىكى ئادالەتسىزلىككە ۋە ئىنسان قەدرىنىڭ شۇ قەدەر دەپسەندە

بولۇۋاتقانلىقىغا چىدىماي، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قامچىسىدىن قان تامچىۋاتقان سەركار (ئىشبېشى، نازارەتچى)نىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— شۇنچە كىشىنى ئازابلاش ھېسابىغا نېمە بىنا قىلىنۋاتىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شاھىمىز جاھاننىڭ سەككىزىنچى مۆجىزىسىنى بەرپا قىلماقچى، — دەپتۇ سەر-كار مەغرۇر سۆزلەپ، — سەن بىر جاھانكەشتى دەرۋىش ئوخشايسەن، شەۋكەتلىك شا-ھىمىزغا دۇئا قىل.

ئۇستاز ئۆرۈلۈپلا بېرىپ ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

بىر تىرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ماجالسىز ئەسىرلەر يىراقتىن تاش - توپا ئەكېلىپ، ئېگىزلىككە ئاچىقىدىكەن. ئۇلار ئاچ - يالىڭاچلىقىغا ۋە تەنلىرىنى يارا - چاقا قاپلاپ كەتكىنىگە قارىماي، ئەتىگەندىن كەچكىچە تىنىمسىز ئىشلەيدىكەن؛ كېچىسى بولسا پاشا - چىۋىنگە تالىنىدىكەن. تېخىمۇ يامىنى، بۇ ۋەتەنسىز بىچارىلەر ئارىسىدا نامەلۇم بىر ۋابا تارقالغانىكەن. بۇ ئاپەتنىڭ نە سەۋەبىنى، نە داۋاسىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. ئەسىرلەرنىڭ ئېغىر ئەمگەك ھەم ئاپەت ئازابىدىن تۈركۈملەپ قىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ساراسىمگە چۈشكەن شاھنىڭ كاللىسىدا: «قۇللار قىرىلىپ كەتسە، سەككىزىنچى مۆجىزد-نى كىم بىنا قىلىدۇ؟ مەن شان - شۆھرەت قازىنىشىم، جاھانغا نام قالدۇرۇشۇم كې-رەك» دېگەن ئوي پەيدا بوپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن شاھ ئەسىرلەرگە ئازراق شەپقەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچ-مىكىنى كۆپەيتىپتۇ؛ سەركارلارغا ئەسىرلەرنى كەلسە - كەلمەس ئۇرۇپ قىيناسلىقنى جېكىلەپتۇ. ئەمما، ئەھۋالدا قىلچىلىك ياخشىلىنىش بولماپتۇ.

ئۇستاز ئۇ مىسكىنلەر بىلەن ئۇزاققىچە ھەمدەرد بولۇپ بىللە يېتىپ - قوپۇپ يۈ-رۈپتۇ. بىر كۈنى ئۇنى سەركار كۆرۈپ قېلىپ:

— ئەي مۇساپىر، سەن ھېچبىر دەرۋىشكە ئوخشىمايدىكەنسەن. زادى كىمسەن، قانداقسىگە بۇ دوزاخنى خالاپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئەلفارابىمەن، — دەپتۇ ئۇستاز.

سەركار بۇ سۆزدىن چۆچۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، تىترىگىنىچە ئارقىسىغا يېنىپتۇ. شۇ كۈنى شاھ نۆۋكەرلەرنى ئەۋەتىپ، فارابىنى ئۆز ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ كەپتۇ. ئۇستاز ئەركانى دۆلەتنىڭ ھەشەمەتلىك سارايلىرىدا نەچچە چاقىرىم پاياندازنى بېسىپ ئۆتۈپ، بەلۇجىستان شاھىنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپتۇ. شاھ سۇرمىدەك قارا ساقاللىق، زەرلىك تون كىيگەن، ئالتۇن تاج تاقىغان، كېلىشكەن، ياشقىنا بىر يىگىت ئىكەن. ئۇ تەختىدىن چۈشۈپ ئەلفارابىنىڭ ئىستىقبالىغا كەپتۇ ۋە:

— مەملىكىتىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزدىن تولىمۇ مەمنۇنمىز، ئەمما نېمىشقا كەلگىنىڭىزنى بىزگە بۇرۇنراق مەلۇم قىلمىدىڭىز؟ — دەپتۇ.

مۇلازىملار شاھنىڭ ئىشارىسى بىلەن ئۇستازنىڭ ئايىغىغا بىر تاۋاق ئالتۇن تۆكۈپتۇ.

ئەمما، ئۇستاز ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماپتۇ. ئۇ مۇنداق شاھانە «مۇرۇۋۋەت»لەرگە كۆپ نائىل بولغانىكەن.

— نېمىگە چاقىردىڭىز، شاھ؟ — سوراپتۇ ئۇ ئاددىيلا.

ھېچبولمىغاندا «شەۋكەتلىك شاھىنشاھ»، «شاھى جاھان» دەپ ئۇلۇغلاشلارغا ئۆگەنگەن شاھ فارابىنىڭ پەرۋاسىز مۇئامىلىسىدىن قىلچىلىكمۇ غەزەپلەنمەستىن:

— ئەي ئۇستاز، بىزنىڭ سادىق قۇللىرىمىزنىڭ بېشىغا ۋابا كەلدى، ئۇلار قىرغىن بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. سىز ئۇنىڭ داۋاسىنى تېپىپ، ئاپەتكە بەرھەم بەرسىڭىز، — دەپتۇ خېلىلا يوغان بىر چەم خالتىغا قاچىلانغان تىللانى فارابىنىڭ ئايىغىغا ئۆز قولى بىلەن تاشلاپ.

— بۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، شاھ، — دەپتۇ فارابى.

— نېمە؟ — دەپتۇ غەزەپلەنگەن شاھ تىترىگىنىچە بىرىپ تەختىگە ئولتۇرۇپ، — ئەجەبا سېنىڭ ئىلمۇ پەزىلەت بابىدىكى شۆھرىتىڭ، «ئىككىنچى ئۇستاز»لىقىڭ يالغانمىدى؟ سەن بۇ ئاپەتنىڭ قەيەردىن كەلگىنىنى ۋە قانداق ئاپەت ئىكەنلىكىنى زادى بىلمەمسەن؟

— بىلىمەن شاھ، لېكىن ئۇنىڭغا داۋا قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

— كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ؟

— بۇ پەقەت سىزنىڭ قولىڭىزدىنلا كېلىدۇ.

شاھ تەختتىن چاچراپ تۇرۇپ، ساراي ئەھلىگە:

— ئۇستازى سانىي سارايدا قالىدۇ، ئۇنىڭغا تەتىللا تون كىيگۈزۈلسۇن! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، ئاندىن فارابىدىن سوراپتۇ:

— خوش، ئۇستاز، بۇ قانداق ئاپەتتۇر ۋە بىز بۇنى قايسى يوسۇندا داۋالىيالايمىز؟

— بۇ سېغىنىش، پىراق دەردىدۇر، شاھ. بۇنىڭ داۋاسى ئۇلارنى ئۆز ۋەتىنىگە قايتۇرۇشتۇر. شۇندىلا ئۇلار تىرىك قالىدۇ، ئەكسىچە بولسا داۋاملىق قىرىلىدۇ، — دەپتۇ ئەلفارابى.

— سەن دانىشى سۇخەندانسەن، ئورۇنسىز ھەزىل - چاقچاق قىلىۋاتىسەن، ھېچقىسى يوق، بۇنىڭمۇ قەدرىگە يېتىمىز. ئەمما بىلگىنىكى، ھازىر سۆزنىڭ راستى بىز ئەسىرلەرنى ئۆز ۋەتىنىگە قايتۇرمايمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇلارنىڭ قىرىلىپ تۈگىگۈچە مۇشۇ يەردە مېھنەت قىلىپ تۇرغىنى بىز ئۈچۈن ئەۋزەل، — دەپتۇ شاھ.

— بۇنى بىلىمەن، ئەمما كېسەل شۇ ۋە مەن دېگەندىن ئۆزگە داۋاسى يوق، — دەپتۇ فارابى.

شاھنىڭ غەزىپى تېشىپ:

— بۇنى يوقات، ئايىغىغا كىشەن سېلىپ، قۇللۇققا تاشلا! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، «ئىككىنچى ئۇستاز» شاھ سارىيىدىن قۇل بولۇپ قايتىپ، كىشەنلەرنى تەسلىكتە سۆرەپ يۈرگەن مىڭلىغان ماجالسىز ئەسىرلەر ئارىسىغا قوشۇلۇپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئازاب - ئوقۇبەتتە ئۆتۈپتۇ. ئاچ - يالىڭاچلىق، زۇلۇم جەبىردىن ئۆتكەن ئۇستاز بىر ئاخشىمى قويىندىن نەيىنى ئېلىپ كۈيلەشكە باشلاپتۇ. قۇلاقلىرى كىشەنلەرنىڭ يېقىمسىز جاراڭ - جۇرۇڭلىرىدىن يۈتكەن ئەسىرلەر يېقىملىق نەي ناۋاسىنى ئىشىتىپ، ۋۇجۇدىغا ماغدۇر كىرگەندەك ھېس قىلىشىپتۇ... نەيدىن چىققان يېقىملىق كۈيلەر گاھ گۈل بەرگلىرىنى سۆيگەن باھار شامىلىدەك، گاھ يىراقلاردىن تارالغان خۇش خەۋەر ساداسىدەك ئۇلارنىڭ تۇنجۇققان تۇيغۇلىرىنى قوزغاپ نېمىگىدۇر تەلپۈندۈرەر، ھەركىمنىڭ يۈرەك قېتىدىكى مۇڭلۇق تۇيغۇلىرىنى ھېكايە قىلار ئىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەسىرلەر ھەر ئاخشىمى نەينىڭ مۇڭلۇق ساداسىنى زەن قويۇپ تىڭشايدىغان بوپتۇ. كۈيلەرنىڭ دەردلىك ئەۋجى دىللارنى تىلغار ئىكەن.

ئادەتتە كۆپچىلىك كۈي تىڭشىغاندا، بىغۇبار دەردلىك قەلب ئەينىكى ھېلىلا سۇنۇپ پارە - پارە بولۇپ كېتىدىغاندەك، تاڭغىچە ئۈنچىقماي ئولتۇرىدىكەن. ئەمما، بەزىدە كىمدۇر «ئاھ» تارتىپ قويىدىكەن. بىر چاغدا شۇ «ئاھ» سۈكۈناتنى بىتچىت قىلىۋېتىپتۇ.

— دولقۇنلار، — دەپ پىچىرلاپتۇ كىمدۇر بىرى.

— ئوتلاقلار، — دەپتۇ بىراۋ.

— زەڭگەر گۈمبەزلەر!

بۇ گەپلەردىن نېمىندۇر ھېس قىلغان ئۇستاز «پىشاۋارى دىيار» دېگەن ئۇزۇن ۋە دەردلىك كۈيىنى چېلىشقا باشلاپتۇ.

— بۇ بىزنىڭ سەيھۇنىمىزغۇ، — دەپتۇ بىرى كۈي ئاخىرلاشقاندا.

— چېلىڭ ئۇستاز! بۇ كۈي بىزنىڭ فاراب باغلىرىنى نامايان قىلدى!

— چېلىڭ، ئۇستاز!

بۇ سادالار فارابىغا نالە - پەريادتەك ئاڭلىنىپتۇ. ئەمما، كېيىنچە ئەسىرلەر فارابىدىن: «يۇرتىمىزنى نامايەن قىلىڭ، ئۇستاز!» دەپ ئىلتىماس قىلىدىغان بوپتۇ. ھەر ئاخشىمى نەي ساداسى ياڭراۋېرىپ ئەسىرلەرنىڭ يۈزلىرىگە قان يۈگۈرۈپتۇ. ئۇلار كۈي گۈزەللىكىدە نامايان بولىدىغان ۋەتەنگە كۆنۈپتۇ. ئەمدىلىكتە ئۇلار يىغلىشىدىكەن، كۈلۈشىدىكەن، خىيال سۈرۈشىدىكەن... ئاخىر ئاپەت — ۋابا تۈگەپتۇ.

جاھاننىڭ سەككىزىنچى مۆجىزىسى بىنا بولدىمۇ - يوق، بۇنى راۋىيلار بىلمەيدىكەن. ئەمما، ئىنسان قەلبىدىكى گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ مۆجىزىلەر مۆجىزىسى ئىكەنلىكى، ئىنسان ئۇنىڭسىز ئىنسان ئەمەسلىكى سىر بولمىسا كېرەك.

بېرۇنى:

# ئىلىمنى بايلىق مەنبەسى قىلىۋالما

بېرۇنى ۋاقتىنىڭ بىر قىسمىنى تاغلاردا مەدەنلەرنى قىدىرىپ تېپىش، ئۇلارنى تەتقىق قىلىش، ئۇلارنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن. قىلىۋاتقان ئىشىغا شۇنچىلىك بېرىلىپ كېتەر ئىكەنكى، يېنىدا قانچىلىك ئادەم بولسىمۇ، خۇددى ھېچكىم يوقتەك خاتىرجەم ئىشلەۋېرىدىكەن. ئاياغلىرىنى تاشلار قاپارتىۋەتسىمۇ، چارچاشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تاغمۇتاغ يۈرگىنى يۈرگەنىكەن. كۈنلەردىن بىرىدە ساراي ئالىملىرىدىن بىر نەچچىسى بېرۇنىنىڭ تاغ سەپىرىگە ھەمراھ بولۇشۇپتۇ. بېرۇنى قىدىرىپ يۈرۈپ، بىر تاشنى كۆرۈپ قاپتۇ. سىنچىلاپ قارىسا، تاش ئاشۇ يەردە ئىنتايىن كۆپ ئالتۇن بارلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇرغۇدەك. ھەمراھلىرىغا قاراپ، بۇ يەردە ئالتۇن بارلىقىنى ئېيتاي دېسە، بۇ- نىڭسىزمۇ بىر - بىرلىرى بىلەن تالىشىپ - تارتىشىپ، بىرى ئىككىنچىسىنى ئۆلتۈرەلمەي يۈرگەن، قانداق قىلىپ بولمىسۇن بېيىشنىڭ، مال - دۇنيا يىغىشنىڭ سەۋداسىغا كىرىپ قالغان ھەمراھلىرى ئالتۇننى تالىشىپ، بوغۇشقىچە بارىدىغانلىقىنى ئويلاپتۇ. «ياخشىسى، بۇ يەردىن كېتەيلى» دېگەنى- لەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ- تۇ-دە، ئەتراپىدىكىلەرگە قا- راپ:



— بۇ جاي خاسىيەتسىز- دەك تۇرىدۇ، مەن قان ھىدى- نى سېزىپ تۇرىمەن. بۇ يەر- دىن تېزلا كېتەيلى، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ بىرەر سىر بايقىدىڭىزمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئەنە ئاۋۇ تاشلىۋېتىلگەن تاش- قا بىرھازا قاراپ تۇرىسىز، كېيىن بىردىنلا كېتىشنىڭ گېپى- نى قىلىپ قالىسىز؟ — دەپ

سوراپتۇ ھەمراھلىرىدىن بىرى.

— ھەئە، تېز كەتمىسەك بولمىدى. مەن قان ھىدىنى سېزىپ تۇرۇۋېتىمەن. بىكاردىن - بىكارغا نابۇت بولمايلى يەنە. مەن كۆرگەن تاش ئادەتتە يەر تەۋرەش ئالدىدا كۆچىدىغان تاش پارچىسىغا ئوخشايدىكەن. يەر تەۋرىدىمۇ، بۇ تاغلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ، شۇنداق دەھشەتلىك ئىش يۈز بېرىدۇكى، بىرەرىمىزمۇ ئامان قالمايمىز. كىم قالسا قېلىۋەرسۇن، مەن كەتتىم.

بېرۇنى شۇنداق دەپتۇ-دە، تېزلا مېڭىپ كېتىپتۇ. «ئۇلۇغ ئالىم بىر نەرسىنى بىلگەن گەپ، شۇڭا شۇنداق دەۋاتىدۇ» دەپ باشقىلارمۇ قېچىپ كېتىشىپتۇ.

بېرۇنى شۇنداق يول بىلەن ئاچ كۆز كىشىلەرنىڭ تىللا تالىشىپ، ئاچ بۆرىدەك بىر - بىرلىرىنى يەپ تاشلىشىلىرىغا يول قويماپتۇ...

ئەللامە دائىم «ئىلىم بىلەن مال - دۇنيا ھەرگىز كېلىشەلمەيدۇ، كىمكى ئىلىمنى بايلىق مەنبەسى قىلىۋالسا، ئۇ ئۇزاققا بارمايدۇ، يېرىم يولدا ھالاك بولىدۇ» دەر ئىكەن.

### يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

## يامانلارغا ياخشىلىق تىلە



كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر يىگىتنىڭ ھاراق كەيپى بىلەن ئانىسىنى ھاقارەتلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ياقىسىنى تۇتقان ھالدا:

— ئەي پەرۋەردىگار، بۇ يىگىتنى ھايۋانلىقتىن ئادىمىيلىككە قايتۇرغايسەن. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب، دىيانەت ئاتا قىلغايسەن! — دەپتۇ.

بۇ چاغدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان يەنە بىراۋ مۇنداق دەپتۇ:

— مۆھتەرەم ئۇستاز، ئۇنى ئىككى كاچات ئۇرماي، ئۇنىڭ ئىنسابىنى تىلىگەنلىرى نېمىسى؟

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:
— ئانىسىنى ھاقارەتلىگۈچى ئادەم ئەمەستۇر. ھازىر ئۇ ھايۋانغا ئايلانغان، ئۇنىڭ-
غا قىلغان نەسىھەت قۇمغا سىپىلگەن سۇ. ئۇنىڭغا كاچات سىلىش قاراپ تۇرۇپلا مىخقا
ئۇسكەنلىكتۇر. ئۇنىڭغا ئىنساب تىلىمەكتىن باشقا نە ئامال؟ ئۇ كەيىپتىن يانغاندا پۇشاي-
مان يەپ، ئادىمىلىك يولىنى تاپسا ئەجەب ئەمەس.

مەھمۇد كاشغەرىي:

## خورىماس بايلىق

مەھمۇد كاشغەرىيگە ئىخلاسمەن كىشىلەردىن بىرى ئالىمنىڭ ھۇزۇرىغا كىلىپ:
— مەن دەرگاھى ھەقتىن دائىم ناھايىتى كاتتا نەرسىنى سورايمەن ۋە سىنىڭ دەر-
گاھىڭدىن ئاز نەرسە تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ كۆزى كور بولسۇن دەيمەن، — دەپتۇ.
مەھمۇد كاشغەرىي ئۇ كىشىدىن:
— سىنىڭ دەرگاھى ھەقتىن سورىماقچى بولغان كاتتا نەرسەڭ نىمە؟ — دەپ سو-
راپتىكەن، ئۇ كىشى ئىخلاسمەن كىشىلەر تەرىپىدىن «ھەزرى-
تى موللام تىغى» دەپ ئاتالغان تاغنى كۆرسىتىپ:



— مىنىڭ سورايدىغىنىم جاناب-
لىرىنىڭ ئالدىدىكى مۇشۇ تاغنى قىپ-
قىزىل ئالتۇن قىلىپ بەرسە دىگەن
ئىلتىجا ئىدى، — دەپتۇ. مەھمۇد
كاشغەرىي بۇنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈ-
لۈپ قويۇپتۇ.
ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەن-
دىن كىيىن ھىلىقى ئىخلاسمەن ئۆزى-
نى بىر كىشىگە يۆلەتكەن ھالدا يەنە
ئالىمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كەپتۇ.
سالام - سەھەتتىن كىيىن ئۆز ئەھۋا-
لىنى بايان قىلىپ، كۆزىنىڭ خىرە
بولۇپ قالغانلىقىدىن زارلاپ ھۆكرەپ

يىغلاپ كېتىپتۇ. مەھمۇد كاشغەري ئۇ كىشىگە تەسەللى بەرگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— جانابى ئاللا بىزگە يەتتە ئەزادىن ئىبارەت بۇ تۆگىمەس بايلىقنى بەردى. ئۇنى چۈشىنىپ يېتىشكە تېخى سەن-بىزنىڭ ئەقلىمىز كەملىك قىلىدۇ. ئەگەر ئاللا بىزگە بەرگەن بۇ بايلىقنى جايىدا ئىشلەتسەك، دۇنيادىكى ھەممە تاغلارنىڭ ئالتۇنغا ئايلانغانلىقىدىنمۇ چوڭراق بايلىققا ئېرىشكەن بولاتتۇق. سەن تەلەپ قىلغان مۇشۇ تاغنىڭ ئارزۇيىغدەك ئالتۇن بولغىنىدىن كۆرە، كۆزۈڭنىڭ زەفىل بەسەر (كۆز ئاجىزلىق كېسىلى) بولمىغىنى خوپراق ئىدى، — دەپتۇ. ئىخلاسمەن:

— مەن ئاللاغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭدىن نېمەت سورىساممۇ، مېنىڭ كۆزۈمنى ئەما قىلىپ قويامدۇ؟ بۇ قانداق ئادالەت؟! — دەپ زارلىنىپتۇ. مەھمۇد كاشغەري ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— سېنىڭ دۇئالىرىڭنى ئاللا يەردە قويماي ئىجابەت قىلدى ۋە ئادالەتنى زاھىر قىلدى. سەن بىرىنچى دۇئايىڭدا تاغنى ئالتۇن قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنسەن، ئۇنىڭدىنمۇ كاتتىراق بايلىق — تېنىڭنىڭ ساقلىقىنى بېرىپ، ساڭا مەرھەممەت ۋە ئېھسان ئاتا قىلدى. سەن بۇنىڭغا شۈكۈر قىلماي خەسىس دۇنيا ئارزۇسىدا بولدۇڭ. ئىككىنچى دۇئايىڭدا ئاز نەرسە سورىغۇچىلارنىڭ كۆزى كور بولسۇن، دېگەنىكەنسەن، مانا ئۇمۇ ئىجابەت بوپتۇ. چۈنكى دەرگاھى ھەقنىڭ نەزىرىدە تاغلارنى ئالتۇن قىلماقتىن ئاز نەرسە بولامدىكىن؟ ئەگەردە سەن مەندىن: «خۇداغا دۇئا قىلىشىمغا مەسلىھەتىڭىز نېمە؟» دەپ سورىغان بولساڭ، مەن ساڭا: «خۇدا ئىمانىمنى مۇستەھكەم، ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن، تەن سالامەتلىك ۋە رىزقىمنى يەتكۈدەك بەرگىن!»دەپ دۇئا قىلغىن دېگەن مەسلىھەتنى بەرگەن بولار ئىدىم، — دەپتۇ.

## سۇلتان مەلىكشاھ:

## خەلقنىڭ دىلى ئادالەتتىن سۆيۈنىدۇ

ئۆتكەنكى زاماندا سۇلتان مەلىكشاھ سەلجۇقى دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ بىر كۈنى زىندەرۇد ئېقىنى بويىدا شىكار قىلىۋېتىپ ئىستىراھەت ئۈچۈن كۆكلەمزارغا چۈشۈپتۇ، ئۇنىڭ خادىملىرىدىن بىرى كەنتتىكى ئېرىق لېۋىدە ئوتلاپ يۈرگەن بىر كالىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز ئادەملىرىگە تۇتتۇرۇپ كېلىپ، ئۆلتۈرۈپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ

يەپتۇ. كالىنىڭ ئىگىسى شۇ جايدا ئولتۇرۇشلۇق بىر تۇل خوتۇن بولۇپ، ئاشۇ كالىنى سېغىپ سۈتىنى سېتىش ئارقىلىق تۆت بالىسىنى بېقىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇ خوتۇن بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يىغلاپ بىھوش بولۇپتۇ. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى پادىشاھ ئۆتىدىغان يولدىكى كۆۋرۈكتە ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن يېتىپ كېلىۋاتقاندا ھېلىقى خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئەھۋال ئېيتماقچى بولغانىكەن، كالىنى ئۆلتۈرگەن خادىم ئۇ بىچارىنى ئۇرۇپ ھەيدىۋەتمەكچى بولۇپتۇ.

— توسما، — دەپتۇ سۇلتان مەلىكشاھ، — بۇ ئاجىز بىچارە كۆرۈنىدۇ. سۆزىنى ئاڭلاپ باقايلى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار جۈرئەتلىك ۋە تىلى ئۆتكۈر كېلىدۇ.

ئايال ئەرز تىلىنى ئېچىپ دەپتۇكى:

— ھەي ئالىپ ئارسلانخاننىڭ ئوغلى، ئەگەر سىز بۇ زىندەرۇد دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدە دادىمغا يەتمىسىڭىز، قىيامەت كۈنى سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە ئاداۋەت قولۇمنى ياقىڭىزدىن ئالماسمەن. قايسىبىرىنى ئىختىيار قىلسىز، ئويلاپ كۆرۈڭ.

ئۇ خوتۇننىڭ سۆزىنىڭ ھەيۋىتىدىن سۇلتان دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولۇپتۇ.

— ھەي ئانا، — دەپتۇ سۇلتان ئۆتۈنۈپ، — مېنىڭ ئۇ كۆۋرۈك ئۈستىدە جاۋابكار بولۇشقا تاقىتىم يوق. ھازىر ئېيتىڭ، كىمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدىڭىز؟ مەن دادىڭىزغا يېتىمەن.

خوتۇن:

— ئەي پادىشاھ، باياتىن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ماڭا ئازاب قامچىسىنى كۆتۈرگەن



مۇشۇ خادىمىڭىز مېنىڭ تىرىكچىلىك بۇلىقىمنى زۇلۇم تۇپراقلىرى بىلەن تولدۇردى. يېتىم باللىرىم ۋە مەن ئاجىزەنىڭ تىرىكچىلىك دەسمايىمىز بولغان بىر كالامنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ غىزاسى ئۈچۈن كاۋاپ قىلدى. ياق، ئۇ كالىنى ئەمەس، مەن بىچارىنىڭ يۈرەك - باغرىنى كاۋاپ قىلدى، — دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ تۇل خوتۇننىڭ دادىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇ خادىمغا سىياسەت تەمىنى تېتىتىپتۇ. ئۇ خوتۇننىڭ بىر كالىسى ئورنىغا ئۇ خادىمنىڭ ھالال مېلىدىن يەتمىش سېغىن كالا ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ماللار دەرھال ئۇ خوتۇننىڭ قولىغا يەتكۈزۈلۈپتۇ.

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ رەھىم - شەپقىتىگە ئېرىشكەن خوتۇن پادىشاھنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ھاجەت يۈزىنى دۇئا قىبلىسىگە قارىتىپ تۇرۇپ دۇئا قىپتۇ: «ئەي تەڭرىم، مەن دەردمەندە بولغان ۋاقتىمدا بۇ تۇپراق ئىچىدە ياتقان بەندەڭ ياردەم قىلىپ مېنىڭ ھاجىتىمنى راۋا قىلغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ سېنىڭ رەھمىتىڭگە موھتاج بولۇپتۇ. ئۇ مېنىڭ بىچارىلىك ۋاقتىمدا ماڭا رەھىم قىلغانىدى. ئۇ ھەم بىچارە بولۇپتۇ. سەنمۇ ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن».

## سۇلتان مەھمۇد:

# باشقىلارنى كۆزىتىشكە ماھىر بول

سۇلتان مەھمۇدنىڭ گۆدەكلىك چاغلىرى ئىكەن. ئۇ غەزنە باغلىرىنى سەيلە-تاماشا قىلىپ يۈرۈپ، بىر بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ.

ئۇنىڭ خوجائەھمەد ھەسەن مەيمەندى ئىسىملىك بىر يېقىنى بولۇپ، مەھمۇد بىلەن تەڭتۇش يېقىن دوستى ئىكەن. ئۇلار ئىككىسى بۇ يەرگە بىللە كەلگەنىكەن.

سۇلتان مەھمۇد بۇ يەردە ناتونۇش بىر ئادەم يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ۋە خوجا ئەھمەدنى چاقىرىپ:

— ئاۋۇ يۈرگەن كىم؟ — دەپ ساراپتۇ.

خوجائەھمەد دەرھاللا:

— ئۇ ئادەم ياغاچچى ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلتان مەھمۇد.

— ئۇنىڭ ئىسمى ئەھمەد، — دەپتۇ خوجا ئەھمەد.

سۇلتان:

— سەن ئۇنى تونۇمسەن؟ — دېگەنىكەن، ئەھمەد:

— تونۇمايمەن. چۈنكى، ئۇ ئادەمنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغانمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئېتى ئەھمەد ۋە كەسپى ياغاچچى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلسەن؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلتان مەھمۇد.

خوجائەھمەد:

— سىز مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرىۋىدىڭىز، بۇ ئادەم جاۋاب بېرىشكە تەمشەلدى، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەھمەد ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن بىلدىم. ئۇ ئادەمگە دىققەت قىلسام، قۇرۇپ قالغان دەرەخلەرگە قاراپ خىيال سۈرۈپ، ئويلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ ئادەمنى ياغاچچىمىكىن دەپ گۇمان قىلدىم. شۇنداقلا قۇرۇق ياغاچلاردا بىرە نەرسە ياساشنى پىلانلاۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئۇ ئادەمنى چوقۇم ياغاچچى دەپ ھۆكۈم قىلدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سۇلتان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئۇ ئادەم بۈگۈن نېمە يەپتۇ؟ مۇشۇنى تاپالىساڭ سېنىڭ ئەقىل-پاراستىڭنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، — دەپتۇ. خوجائەھمەد:

— ئۇ ئادەم بۈگۈن يا ھەسەل، ياكى بولمىسا شىرنە يەپتۇ، — دەپتۇ.



سۇلتان مەھمۇد ھېلىقى ئادەمنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا خوجائەھمەدنى كۆرسىتىپ:

— بۇ بالىنى تونۇمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بۇ بالىنى تونۇمايمەن، ھازىر تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ ئادەم.

سۇلتان يەنە:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ نېمە ھۈنىرىڭىز بار؟ بۈگۈن نېمە يېدىڭىز؟ — دېگەنلەرنى سوراپتۇ. ئۇ ئادەم:

— مېنىڭ ئىسمىم ئەھمەد. ياغاچچىلىق ھۈنىرىم بار، بۈگۈن نان بىلەن ھەسەل يېدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سۇلتان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپتۇ ۋە خوجا ئەھمەدتىن:

— سەن ئۇ ئادەمنىڭ ھەسەل يېگەنلىكىنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ كىشىنىڭ توختىماي لېۋىنى يالاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئاغزى ئەتراپىدىن چىۋىن نېرى بولمىدى. شۇنىڭغا قاراپ ئۇ كىشىنىڭ ھەسەل ياكى

شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسە يېگەنلىكىنى بىلدىم، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خوجائەھمەد.

ــ ھەقىقەتەن دانا ئىكەنسەن، ــ دەپتۇ سۇلتان مەھمۇد، ــ باشقىلارنى كۆزدىتىپ، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشمۇ ناھايىتى چېچەنلىك تەلەپ قىلىدۇ. سەندەك چېچەنلەر قانچە كۆپ بولسا، بۇ دۇنيا شۇنچە رەڭدارلىقتا چۆمگەن بولاتتى.

ئەھمەد يەسەۋى:

## ياخشىلارنىڭ يولى كەڭ

سۇلتانۇل ئارىپىن ئەھمەد يەسەۋى ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى كاتتا مەيداندا ۋەز ئېيتىپ، خەلققە پەند ـ نەسىھەت ۋە ئىبرەتلىك ھېكمەتلىرىنى سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ جازىبىلىك سۆزلىرىگە مەپتۇن بولغان خەلق ئەھمەد يەسەۋىگە كۆپلىگەن نەزىر ـ نىياز ۋە ھەدىيەلەرنى بېرەتتى. ئەھمەد يەسەۋى ۋەز تامام بولغاندىن كېيىن، يىغىلغان پۇللارنى بىر ياغلىققا چىگىپ مەدرىسەدىكى ھۇجرىسىغا قايتاتتى. ئەتىسى شۇ يىغىلغان پۇلدىن ئۆز تۇرمۇشى، روزغارىغا يەتكۈدەك قالدۇرۇپ، قالغىنىنى كەمبەغەل ـ بىچارىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرەتتى.

بىر جۈمە كۈنى ئەھمەد يەسەۋى ۋەزدىن چۈشكەن پۇلنى ئېلىپ ھۇجرىسىغا قايتتى. بىرىم كېچە، پۈتكۈل مەدرىسە شىرىن ئۇيقۇدا ئىدى. شۇ چاغدا مەۋلانىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ يېنىدا ئاياغ شەپىسى ئاڭلاندى. كىمدۇر بىرى ھۇجرا ئىشىكىنى يېنىك تاقىلداتتى. ئەھمەد يەسەۋى ئىشىكنى ئېچىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان قوراللىق ئالتە كىشىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇ نامەلۇم كىشىلەر ئىچكىرىگە كىرىپ ئىشىكنى زەنجىرلىدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئەھمەد يەسەۋىگە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

ــ ھۆرمەتلىك ئۇستاز، بىز ئوغرىلار تائىپىسىدىن بولىمىز. مۇشۇ كۈنلەردە پۇلغا بەكمۇ موھتاج بولۇپ قالدۇق. شۇ ئېھتىياجىمىز سەۋەبلىك سىزگە ئەرز قىلغىلى كەلدۇق. بۈگۈنكى ۋەزدىن چۈشكەن ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇللارنى بىزگە ھەدىيە قىلارسىز دەپ ئۈمىد قىلىمىز.

ئەھمەد يەسەۋى ئوغرىلارنى خۇش چىراي، شىرىن سۆزلەر بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارغا جاي كۆرسىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، دەرھال داستىخان سېلىپ ھەر خىل مەزە ـ مېۋىلەر ۋە شەربەتلەرنى كەلتۈردى. ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ دېدى:

ــ ئەزىزلەر، بۇ كېچە ماڭا مېھمان بولۇپ كەپسىلەر، خۇش كەپسىلەر، ئۆي ئىگە-

سى ئەلۋەتتە مېھماننىڭ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرۈشى كېرەك. مەندىن ياردەم سوراپ
كەلگەنىكەنسلەر، جان ـ دىلىم بىلەن قوبۇل قىلىپ، قولۇمدىن كېلىدىغان ياردىمىمنى
سىز ئەزىز مېھمانلىرىمدىن ئايىمايمەن. يالغۇز ئالتۇن ـ كۈمۈش، تەڭگىلەردىنلا ئە-
مەس، ھەرقايسىڭلارغا ئايرىم تون ـ سەرپاي ھەدىيە قىلىمەن. ھازىر پولۇ تەييارلاشقا
كىرىشەيلى. پولۇغا كېرەكلىك ھەممە نەرسە بار. سەۋزە، گۆش بېرەي. توغراڭلار، بە-
رىڭلار ئوچاققا ئوت قالاڭلار. سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن ئاش يېيىشنى مەنمۇ ئارزۇ قىلە-
مەن، — ئەھمەد يەسەۋى دەرھال گۆش ۋە سەۋزە كەلتۈرۈپ، بۇ كۈتۈلمىگەن مېھ-
مانلارنىڭ ئالدىغا قويدى، — سىلەر گۆش توغراپ قەلەم ئەتكۈچە، مەن بىكار ئولتۇر-
ماي، سىلەرگە قىزىق بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، — دېدى.

ئوغرىلار ئەھمەد يەسەۋىنىڭ سۆزگە ئۇستا، ناتىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. چۈنكى،
ئۇنىڭ يېقىملىق، تەسىرلىك ھېكمەتلىرىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۇلار ئەھمەد يەسەۋىنىڭ
ھېكايىسىنىڭ پولۇدىنمۇ شېرىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئاۋۋال ھېكايەت ئاڭلاشنى
خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. مەۋلانا ۋەز ئېيتقان ۋاقتىدا ئىككى تەرەپكە ئورۇندۇق
قويدۇرۇپ، شۇ ئورۇنداقلار ئارىسىدا مېڭىپ يۈرۈپ سۆزلەيتتى. شۇ ئادىتى بويىچە
ھۇجرا دېرىزىسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە مېڭىپ يۈرۈپ ھېكايىسىنى باشلىدى.

— بىر شەھەردە مەھمۇد ئىسىملىك كەمبەغەل بىر كىشى ياشايتتى. ئۇ شەھەر سىر-
تىدىكى بىر پارچە يېرىگە ئاشلىق تېرىپ، ئۇنىڭدىن چىققان ھوسۇل بىلەن كۈن كەچۈ-
رەتتى. ئۇ بىر يىلى باھار پەسلىدە يېرىدە قوش ھەيدەۋاتقاندا ئۆكۈزى بىر تەرەپكە
يۈتلىشىپ، مۆدۈرۈپ كەتتى. مەھمۇد دەرھال ئۆكۈز مۆدۈرگەن جايىنى تەكشۈردى.
تۇپراق ئارىسىدىن بىر نەرسىنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ يەرنى چوڭقۇر كولىغانە-
دى، ئاغزى چىلىق ئېتىلگەن چوڭ ۋە ئېغىر بىر كوزا چىقتى. مەھمۇد ناھايىتى كۈچەپ
كوزىنى تەستە كولىۋالدى، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىچى ئالتۇن ۋە قىممەتلىك بايلىق بى-
لەن تولغانلىقىنى كۆردى.

مەھمۇد بۇنىڭدىن بەكمۇ ھەيران بولدى. كوزىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېتەلمىدى، ئېلىپ
كەتكەن تەقدىردىمۇ كىشلەرنىڭ گۇمانلىنىشى مۇمكىن ئىدى. مۇشۇلارنى ئويلاپ بېشى
قاتقان مەھمۇد «ئەڭ ياخشىسى، كوزىنى كۆمۈپ قويۇپ ئۆيۈمگە قايتاي، خۇدا بۇيرۇ-
سا ئەتە قوشنامنى باشلاپ كېلەي، ئىككىمىز بىللە كوزىنى يۆگەپ كۆتۈرۈپ ئۆيگە كې-
لەيلى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بايلىقنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بېرەي، قالغان يېرىمى ماڭا يېتە-
دۇ» دېگەن پىكىر ـ خىيال بىلەن كوزىنى كۆمۈپ قويۇپ، ئۆكۈزنى ھەيدەپ ئۆيگە
قايتتى.

مەھمۇدنىڭ ھېلىگەر، مۇغەمبەر بىر باي قوشنىسى بار ئىدى. بۇ باي كۆرۈنۈشتە
ئىنتايىن تەقۋادار سوپى بولسىمۇ، لېكىن قەلبى ناپاك، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھېچ
نەرسىدىن يانمايدىغان كىشى ئىدى. ساددا كۆڭۈل ئەھمۇد شۇ باي قوشنىسىنى چاقىر-

تىپ، ئەھۋالنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى، ئۆزى بىلەن بىللە بېرىپ كوزىنى ئېلىپ كې-
لىشكە ياردەم بەرسە، كوزىدىكى بايلىققا شېرىك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ گەپتىن
ھېلىگەر باي ناھايىتى سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە بېرىشقا ۋەدە بەردى. ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ
قوشنىلار دالاغا بېرىپ كوزىنى كۆمۈلگەن يەردىن چىقاردى. كوزىنى كۆرۈپ ھېلىگەر،
يارىماس باي ئۆزىگە خاس بولغان يامانلىق يولىغا قەدەم قويدى. ئاق كۆڭۈل، بىچارە
كەمبەغەلنى ئۆلتۈرۈپ بارلىق بايلىقنى ئۆزى يالغۇز ئالماقچى بولدى ھەم ئاشۇ ئىپلاس
مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيىتىدە مەھمۇدقا ھۇجۇم قىلدى. ئىنتايىن كۈچلۈك بۇ
ئىبلىس كۈچ - قۇۋۋىتى يوق، ئاران مىدىرلاپ يۈرگەن مەھمۇدنى كۈچىمەيلا بېسىۋال-
دى ۋە گېلىغا پىچاق سۇرمەكچى بولدى...
ئوغرىلار ھېكايىگە مەپتۇن بولۇپ، ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغانىدى. ئەھمەد يەسەۋى
ھەزرەتلىرى بولسا ئۇيان - بۇيانغا مېڭىپ يۈرۈپ، ھېكايە ئېيتىپ پۇرسەتنى غەنىيمەت
بىلىپ ئىشىك زەنجىرىنى ئاستاغىنا ئېچىپ قويدى-دە، ھېكايىنى داۋاملاشتۇردى.
— بىچارە مەھمۇد تاش يۈرەك بايغا: «جېنىم قوشنام، ماڭا رەھىم قىل، ئۆلتۈرمە.
كوزىدىكى بايلىقلارنىڭ ھەممىسى ساڭا قالسۇن. ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس» دەپ
ھەرقانچە يېلىنىپ - يالۋۇرغان بولسىمۇ،
رەھىمسىز باي قوبۇل قىلمىدى.
مەھمۇد جېنىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ،
بايغا: «ئەمدى دۇنيادىن ئۆ-
تۈشۈمگە كۆزۈم يەتتى. ما-
ڭا رەھىم - شەپقەت
قىلماي ئۆلتۈ-
رۈشكە بەل
باغلىدىڭ.
سەندىن پە-



قەت بىر ئىلتىماسىم بار. بۇنى رەت قىلما. ئايالىم ھامىلدار ئىدى، بېرىپ ئۇنىڭغا مېنىڭ ۋەسىيىتىمنى ئېيتىپ قوي. ئەگەر كۆزى يورۇپ پەرزەنت كۆرسە ئىسمىنى ‹داد› قويسۇن» دېدى. باي بېشىنى مىدىرلىتىپ، ۋەسىيەتنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي، دەرھال مەھمۇدنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى...

ھېكايە شۇ يەرگە يەتكەندە، ئوغرىلاردىن داد ـ پەرياد كۆتۈرۈلدى، ھەممىسى بىچارە مەھمۇدقا ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى. يەسەۋى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— باي مەھمۇدنىڭ جەسىتىنى توپىغا كۆمۈپ قويۇپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، كوزىنى تونىغا يۆگەپ ئۆيىگە قايتتى. مەھمۇدنىڭ خوتۇنىغا ئۇچرىشىپ، ئېرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، ئۆلۈم ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتىنى ئېيتتى. بىچارە خوتۇن قانداق قىلسۇن؟ يىغلاپ ـ قاقشاپ تۇغدى. ئېرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بالىغا «داد» دەپ ئىسىم قويدى. ئانا بىچارە ئېغىر جاپا تارتقان بولسىمۇ، بالىسىنى ياخشى تەربىيە قىلىپ ئۆستۈرۈشكە باشلىدى. بالا چوڭ بولۇپ تۆت ياشقا كىردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەھەر ھاكىمى ئۆز ئادەملىرى بىلەن كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، داد ئاتلارنىڭ ئاياغ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بالا ئەمەسمۇ، تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كوچىغا قاراپ يۈگۈردى. ئانا بىچارە بالىنى ئاتلارنىڭ دەسسەپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، جان ـ جەھلى بىلەن كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ: «داد، داد، نەددسەن ئوغلۇم، جېنىم قوزام، داد!» دەپ توۋلاپ، ئوغلىنى ئىزدەشكە باشلىدى...

ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە ئەھمەد يەسەۋى پۈتكۈل مەدرىسە ئەھلى ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، داد سۆزىنى ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلىدى. ئوغرىلار داموللام دادنىڭ ئانىسى ئەلەمزادىلىك بىلەن شۇنداق ۋارقىراپ بالىسىنى ئىزدىگىنىنى تەسۋىرلەۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ھېكايىنى زوق ـ شوق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋەردى. مەدرىسە ئەھلى ئۇستاز ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ھۇجرىسىدىن ئاڭلانغان «داد» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرۇشۇپ يەسەۋىنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە يۈگۈردى ۋە ھۇجرا ئىشىكىنى ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرىشتى. مەۋلانىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ھەممەيلەن ئوغرىلارغا يوپۇرۇلۇپ، ئۇلارنى تۇتۇپ قوللىرىنى باغلىدى. ئوغرىلار يەسەۋىنىڭ ھىيلىسىنى چۈشىنىپ، ھەيرانلىقتا بارماقلىرىنى چىشلىدى. تاڭ ئېتىپ قۇياش چىققاندىن كېيىن ئوغرىلار ھاكىمنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى. ھاكىم ۋەقەنى ئاڭلاپ، ئوغرىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. تۇتۇلغان ئوغرىلار بىلەن بىللە ئەھمەد يەسەۋىمۇ ھاكىمنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندى. ئۆلۈم جازاسى ھۆكمى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوغرىلارنىڭ باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەھمەد يەسەۋىگە تەزىم قىلىپ ئېيتتى:

— ئاپىرىن، سۇلتانۇل ئارىپىن. بىزنى ھېچبىر ھاكىم قولغا چۈشۈرەلمىگەندى. سىز ئاجايىپ تەدبىر ئىشلىتىپ بىزنى قولغا چۈشۈردىڭىز. سىزنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى زەكىلىكىڭىز، تەدبىركارلىقىڭىز ئالدىدا باش ئېگىمىز. ئۆلۈم ئالدىدا سىزدىن شۇنى ئىلتىماس قىلىمىزكى، ھېكايىڭىزنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ بېرىڭ، ھەممىنى ئاڭلاپ بولۇپ ئۆلۈپ

كەتسەك، دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىمىز.

ئەھمەد يەسەۋى ھاكىمنىڭ ئىجازىتى بىلەن ھېكايىنىڭ داۋامىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ھاكىم ئايالنىڭ بالىسىنى چاقىرغان «داد!» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختىدى ھەم ئادەملەرگە دەرھال تەكشۈرۈپ، داد - پەرياد قىلغان كىشىنى ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. كىچىككىنە بىر ئوغۇل بالىنى باغرىغا بېسىپ، كۆزىدىن تارام - تارام ياش تامچىلىرىنى ئاقتۇرۇپ تۇرغان بىر خوتۇننى خىزمەتچىلەر ھاكىمنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى، ھاكىم ئاتتىن ئىرغىپ چۈشۈپ خوتۇننىڭ يېنىغا كەلدى، بالىنى سۆيۈپ ئەركىلەتتى. خوتۇنغا تەسەللى بېرىپ، ئاندىن سورىدى:

— ئاپئاق قىزىم، نېمشقا دادلايسەن؟ كىم سېنى قاقشاتتى، قايسى نائىنساپ سېنىڭ ياش تۆكۈشۈڭگە سەۋەبچى بولدى؟ يىغلىما قىزىم، بېشىڭدىن ئۆتكەن ۋەقەنى ماڭا بىرمۇبىر ئېيتىپ بەر. ساڭا زۇلۇم قىلغان زالىمغا جازا بېرىمەن.

— ياق، — دېدى ئانا بىچارە يىغىدىن توختاپ، — ماڭا ھازىر ھېچكىم جەبىر - زۇلۇم قىلغىنى يوق، كۆزۈمنىڭ قارىسى بولغان يالغۇز ئوغلۇمنىڭ ئاتلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ نامىنى ئاتاپ چاقىردىم، — دېدى.

— ئوغلۇڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ئىسمى داد.

— «داد» دەيمۇ ئىسىم بولامدۇ؟ بۇ ئىسىمنى ئوغلۇڭغا كىم قويغان؟

ئانا كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— ئېرىمنى دالادىكى يېرىمىزدە باشقىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۆلۈم ئالدىدا ئېرىم قوشنىمىز بايغا: «خوتۇنۇم ھامىلدار ئىدى. ئەگەر كۆزى يورۇسا، بالىنىڭ ئىسمىنى داد قويسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن. باي كېلىپ ئېرىمنىڭ ۋەسىيىتىنى ماڭا يەتكۈزدى. ئېرىمنىڭ ۋەسىيىتىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى داد قويغانىدىم.

ھاكىم بۇ ئەلەملىك ۋەقەنى ئاڭلاپ بەكمۇ تەسىرلەندى. بۇ ئەلەملىك ئائىلىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ كۆزىگە ياش ئالدى، ئاندىن باينى دەرھال ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئانا - بالىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ مەھكىمىسىگە قايتتى. كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، باينى ھاكىمنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈشتى. باينىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتكەنىدى. قورقۇنچتىن پۈتكۈل ئەزاسى تىترەيتتى. باينىڭ روھىي ھالىتىنى تولۇق كۆزىتىپ تۇرغان ھاكىم ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ:

— بۇ بالىغا كىم «داد» دەپ ئىسىم قويدى؟ — دەپ سورىدى.

— بالىنىڭ دادىسى.

— دادىسى قويدىمۇ؟ قېنى، ئەھۋالنى يوشۇرماي تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىڭ.

— بالىنىڭ دادىسى مەھمۇدنى ئوغرىلار چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاپ كەتكەنىكەن. شۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ دالادىكى يېرىگە بىر ئىش بىلەن بېرىپ قالدىم. مەھمۇدنىڭ قان

ئارىلاش قارا تۇپراققا بۇلغىنىپ ياتقىنىنى كۆرۈپ، بېشىنى تىزىمغا ئالدىم. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، خوتۇنىنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى، ئاي - كۈنى توشۇپ پەرزەنت كۆرسە، ئۇنىڭ ئېتىنى «داد» دەپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىپ جان ئۈزدى. مەن ئۆيگە كېلىپ ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى خوتۇنىغا ئېيتتىم. بولغان ۋەقە مانا شۇ.

باي يۇقىرىقىلارنى سۆزلىگەن ۋاقتىدا رەڭگى تاتىرىپ، قوللىرى تىترەپ تۇراتتى. ھاكىم غەزەپ بىلەن بايغا قاراپ:

— يالغان ئېيتىسىز، ئۇنىڭ دالادىكى يېرىگە بىكاردىن - بىكار بارماي، بەلكى بىر ئىپلاس مەقسەت بىلەن باردىڭىز. «ئوغرىلار ھۇجۇم قىلغان...» دېگەن گېپىڭىزمۇ يالغان. ئوغرىلار مال - دۇنياسى بار ئادەمگە كۆز تىكىدۇ، ھېچنېمىسى يوق بىر كەمبەغەل بىلەن ئوغرىنىڭ نېمە كارى؟..

ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە باغلاقلىق ئوغرىلاردا بىر خىل جانلىنىش پەيدا بولدى. ئۇلار باشلىرىنى قىمىرلىتىپ، ھاكىمنىڭ سۆزىنى تەستىقلاشتى. ئەھمەد يەسەۋى ھېكايىنى داۋام قىلدۇردى:

— چالا ئۆلۈك ياتقان مەھمۇد سىزنىڭ قولىڭىزدا جان بەرگەنىكەن، ئۇنىڭ جەسىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ھاكىم.

— يەرنى كولاپ شۇ يەرگە كۆمدۈم.

— ئاخىر جەسەتنى ئۆيگە ئەكېلىپ يۇيۇپ - تاراپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، ئاندىن دەپنە قىلىش لازىم ئەمەسمىدى، نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭىز؟

باي بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالماي تۇرۇپ قالدى. مەھمۇدنىڭ خوتۇنى ھاكىم ۋە مەھكىمىگە توپلانغان كىشىلەرگە قاراپ:

— ئېرىم ئاشۇ پاجىئە سادىر بولغان كۈنى سەھەردە باي بىلەن دالادىكى يېرىمىزگە كەتكەن، كەچقۇرۇن قايتىپ كەلمىدى. ئەنسىرەپ ئولتۇرغانىدىم، باي كىرىپ ئېرىمنىڭ ۋاپات بولغىنىنى خەۋەر قىلدى-يۇ، لېكىن ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتمىدى. مەنمۇ بۇ خەۋەر بىلەن كاللام قېيىپ سەۋەبىنى سورۇشتۇرمىدىم — دېدى.

مەھكىمىدە ھازىر بولغان بىرقانچە كىشىمۇ ئاشۇ كۈنى ئەتىگەندە مەھمۇد بىلەن باينىڭ بىرلىكتە كېتىپ بارغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھاكىم بايغا غەزەپ بىلەن خىتاب قىلدى:

— مانا كۆردىڭىزمۇ؟ ھەممە سۆزىڭىزنىڭ يالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ بىچارىنى ئوغرىلار ئەمەس، ئۆزىڭىز ئۆلتۈردىڭىز، ئەمدى نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈرگەنلىكىڭىزنى ئېيتىڭ، — دەپ ئۇنى قىين - قىستاققا ئالدى.

باي ئاخىر گۇناھىغا ئىقرار بولدى، ھاكىم باينى زىندانغا تاشلىدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن زىنداندىن چىقىرىپ شەرئەتنىڭ ھۆكمى بىلەن دارغا ئاستى. ئۇنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى يېتىم ئوغۇل دادىنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزدى. ھاكىم بالىنى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ

ئەركىلىتىپ ئېيتتى:

— ئوغلۇم، ئەمدى مەن سېنىڭ نامىڭنى ئۆزگەرتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ نامىڭ «داد» ئەمەس، «دىلشاد» بولسۇن، چۈنكى، مەرھۇم داداڭنىڭ ئىنتىقامى ئېلىنىپ دىلىڭ شاد بولدى. داداڭ نېمە ئۈچۈن ساڭا «داد» دەپ ئىسىم قويغىنىنىڭ سىرى ئېچىلدى.

سۇلتانۇل ئارىپىن ئەھمەد يەسەۋى ھېكايىسىنى تامام قىلدى. ئوغرىلار ھەم شۇ يەردە ھازىر بولغان كىشىلەر ھاكىمنىڭ ھەققانىيەتپەرۋەرلىكى ۋە ئادالىتىگە تەھسىن - ئاپىرىن ئوقۇدى. ئوغرىلارنىڭ باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— رەھمەت ئۇستاز، ھېكايىنى تولۇق ئاڭلىدۇق، ئەمدى ئارمانسىز ئۆلىمىز، — دېدى.

— جانابلىرى، — دېدى سۇلتانۇل ئارىپىن ئەھمەد يەسەۋى ھاكىمغا تەزىم قىلىپ، — سىلىدىن مېنىڭ بىر ئاجىزانە ئىلتىماسىم بار. بۇ ئىلتىماسىمنى رەت قىلماسلىقلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ كىشىلەر ئوغرىلىقتەك يارىماس يولدا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئېغىر جازاغا لايىق. لېكىن، ئۇلار بۇ كېچە ماڭا مېھمان بولدى، مېھماننى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن ئۆي ئىگىسى ئەڭ گۇناھكار ۋە ئەڭ يارىماس كىشى سانىلىدۇ. مېنىڭ ھېكايە ئېيتىپ ئۇلارنى تۇتۇپ بېرىشتىن مەقسىتىم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سىلىنىڭ ھۇزۇرلىرىدا ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا تۆۋا قىلدۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى ئۆزۈمگە شاگىرت قىلىش ئىدى. ھېكايە سۆزلەپ تۇرغان ۋاقتىمدا، بۇ ئەزىز مېھمانلىرىمنىڭ روھىي ھالىتىگە دىققەت قىلىپ تۇردۇم. باغرى تاش باي بىچارە مەھمۇدنىڭ بېشىنى كەسكەنلىكىنى سۆزلىگەن ۋاقتىمدا، ئۇلار يىغان بىلەن كۆزىدىن ياش تۆكۈشتى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ رەھىم - شەپقەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار يامان، يارىماس كىشى ئۆزىنىڭ قىلمىشىغا لايىق جازا كۆرۈشكە، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ ئەلۋەتتە غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆلۈم ئالدىدا بولسىمۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشنى ئۆتۈندى. مېھمانلىرىمنىڭ روھىي ھالىتىنى ناھايىتى چوڭقۇر كۆزەتتىم، بۇلار ئوغرىلىقنى دائىمىي كەسىپ قىلمىغان، بەلكى موھتاجلىقتىن شۇ يارىماس يولغا كىرىپ قالغان. بۇ ئەزىز مېھمانلىرىمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، مېنىڭ تەربىيەمگە تاپشۇرسىلا. مەن ئۇلارنى ھاجىتىدىن چىقىشقا ھەرىكەت قىلىمەن. ئۇلارنىڭ خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ئالىيجاناب كىشىلەر بولۇپ يېتىشىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن.

ھاكىم سۇلتانۇل ئارىپىن ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، ئوغرىلارنى باغلاقتىن دەرھال ئازاد قىلىپ يەسەۋىگە تاپشۇردى. ئوغرىلار ئەھمەد يەسەۋىنىڭ بۇ ئالىيجانابلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، ھاكىم ۋە يەسەۋى ئالدىدا تۆۋا قىلىشتى. ئەھمەد يەسەۋى ئۇلارنى ئۆزىگە شاگىرت قىلدى. ئاشۇ ئالتە ئوغرى كېيىنچە ھەزرەت ئەھمەد يەسەۋىنىڭ پازىل شاگىرتلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

ئەھمەد يۈكنەكى:

# جاۋابسىز سوئال بولماس

ئەھمەد يۈكنەكنىڭ نامى يۇرت - يۇرتلارغا تارقالغاندىن كېيىن، بىر ئادەم ئەھمەد يۈكنەكىدىن يەتتە مەسىلە ھەققىدىكى پىكرىنى ئېلىش ئۈچۈن يەتتە يۈز پەرسەخ يول يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئەھمەد يۈكنەكى ئۇنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋاپتۇ. ھېلىقى ئادەم مەقسىتىنى ئېيتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— سىز بولسىڭىز بىر ئىلىم ئەھلى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلدىم. ئەمدى ماڭا جاۋاب بېرىڭچۇ:



1. ئاسماندىنمۇ چوڭراق ۋە ئېغىرراق نەرسە بارمۇ، بولسا ئۇ نېمە؟
2. يەردىن كەڭراق نەرسە بارمۇ، بولسا ئۇ نېمە؟
3. تاشتىن قاتتىقراق نەرسە بارمۇ، بولسا ئۇ نېمە؟
4. ئوتتىن قىزىقراق نەرسە بارمۇ، بولسا ئۇ نېمە؟
5. زىمىستاندىن سوغۇقراق نەرسە بارمۇ، بولسا ئۇ نېمە؟
6. دېڭىزدىنمۇ غېنىراق نەرسە بارمۇ، بولسا ئۇ نېمە؟
7. يېتىمدىنمۇ خارراق زات بارمۇ، بولسا ئۇ كىم؟

ئەھمەد يۈكنەكى بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سوئاللارغا نۆۋەت بىلەن شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

1. ئار-نومۇسلۇق كىشىگە تۆھمەت قىلماق ئاسماندىنمۇ چوڭراق ۋە ئېغىرراق.
2. ھەقىقەت يەردىنمۇ كەڭرەك.
3. ئېتىقادسىزنىڭ قەلبى تاشتىنمۇ قاتتىقراق.
4. ھېرىس بىلەن ھەسەت ئوتتىنمۇ قىزىقراق.
5. يامان كۆندە قېلىپ قان-قېرىنداشلىرىغا باش ئۇرۇپ بارماق زىمىستاندىنمۇ سوغۇقراق.
6. قانائەتلىك قەلب دېڭىزدىنمۇ غېنىراق.
7. تۆھمەتچى، چېقىمچىلار پاش بولغاندا، يېتىمدىنمۇ خارراق بولىدۇ.

ھېلىقى ئادەم ئەھمەد يۈكنەكنىڭ جاۋابىدىن قاتتىق رازى بوپتۇ ۋە ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆتۈپتۇ.

رابىغۇزى:

## ئاق كۆڭۈللۈك — بەختتۇر

رىۋايەت قىلىنىشىچە، رابىغۇزى ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئىكەن، ھەسەت ۋە كىبىرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن. پەقەت ئۆز ئەمگىكى بىلەن تاپقان ھالال مېلىدىنلا رىزىقلىنىپ، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ھەر دائىم قاچىدىكەن. ۋاقتى كېلىپ، رابىغۇزىنىڭ مەئىشىتى بۇزۇلۇپ، يەيدىغانغا ھېچ نەرسىسى قالماپتۇ. ئۈچ كۈن ئاچلىق دەردىنى تارتىپ، تۆتىنچى كۈنى ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە كۆتۈلمىگەندە سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان ئالمىنى كۆرۈپ، سۈزۈپ ئېلىپ يەپتۇ. كېيىن ئۆزىچە: «ئەي ئەخمەق، سەن ھەر دائىم ھالال



يەيتتىك، ئۆز قولۇڭ بىلەن تاپقان نەرسە-
لەرنىلا غىزالىناتتىڭ، بۈگۈن سەن نېمە ئىش
قىلىپ قويدۇڭ-ھە؟ نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئالمىنى يەپ، ئەھدىڭنى بۇزدۇڭ!»
دەپ ئۆزىنى تەنبىھلەپتۇ. ئارقىدىن ئالمىنىڭ ئۈستەڭگە قەيەردىن چۈشكەنلىكىنى بىل-
مەكچى بولۇپ، ئۆستەڭ ياقىلاپ يۇقىرىغا مېڭىپتۇ. خېلى يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر
باغقا يېتىپ كەپتۇ ۋە باغ ئىگىسىگە ۋەقەنى ئېيتىپتۇ. باغ ئىگىسى ئۇنىڭغا:
— بىز ئۈچ ئاكا - ئۇكىمىز، ئۈچىلىمىزنىڭ بېغىمۇ ئۆستەڭ بويىدا بولۇپ، بۇ
ئۆستەڭ ئۈچىلىمىزنىڭ بېغىدىن ئۆتىدۇ. ئەگەر ئۆزلىرى يېگەن ئالما مېنىڭكى بولغان
بولسا، مەيلى، ئۇنى سىلىگە ھالال قىلدىم، — دەپتۇ.
كېيىن رابىغۇزىنى مېھمان قىلىپ ۋە قوندۇرۇپ قاپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا رابىغۇزد-
نىڭ كۆڭلى تىنماي، ئىككىنچى ئاكىنىڭ بېغىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغىمۇ بول-
غان ئىشنى بايان قىپتۇ. بۇ باغ ئىگىسى ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ مېھ-
مان قىلغاندىن كېيىن:
— ئەگەر شۇ ئالما مېنىڭ بېغىمنىڭ بولسا، مەن ئۇنى ئۆزلىرىگە ھالال قىلدىم، —
دەپتۇ.
رابىغۇزى ئالمىنىڭ قايسى باغنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، كۆڭلى ئارام تاپماپتۇ. ئە-
تىسى خېلى كۆپ يول يۈرۈپ، ئۈچىنچى ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ۋە ۋەقەنى بايان
قىلىپتۇ.
— بولدى، ئۇنى كېيىنچە بىر نەرسە دېيىشەيلى، — دەپتۇ باغ ئىگىسى. رابىغۇزى:
— ياق، ئاۋۋال ئالمىنى يېگىنىمگە رازى ياكى نارازى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىڭ.
ئاندىن نېمە قىلسىڭىز رازىمەن، — دەپتۇ.
باغ ئىگىسى رەت قىلىپ:
— رازى بولۇش - بولماسلىق مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش. شۇڭا خالىغان كۈ-
نۈمدە جاۋاب بېرىمەن، — دەپتۇ. رابىغۇزى:
— ئەمىسە مەن يېگەن ئالمىڭىزنىڭ باھاسىنى دەڭ، پۇلىنى تېپىپ ئەكېلىپ بېرد-
مەن، — دەپتۇ.
باغ ئىگىسى بولسا:
— بىر ئىش بار، شۇنى قىلمىغۇچە رازى بولمايمەن، — دەپتۇ. رابىغۇزى:
— ئۇ قانداق ئىش، تېزرەك ئېيتىڭ، — دەپتۇ.
— مېنىڭ بىر قىزىم بار، — دەپتۇ باغ ئىگىسى، — ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەس، قۇل-
قى گاس، تىلى گاچا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قول - ئايىغى ئىشلىمەيدۇ. ئەگەر ئۇنى خوتۇنلۇق-

قا قوبۇل قىلسىڭىز، شۇ چاغدىلا رازى بولىمەن.

رابغۇزى باغ ئىگىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قاپتۇ. ئۇنىڭ ھېچكىمى يوق ئىكەن. رازى بولماي دېسە، يېگەن ئالمىسى قارنىدا ھەزىم بولمىغاندەك تۇيۇلىدىكەن. رازى بولاي دېسە، بۇنداق «تەرىپ ۋە تەۋسىپ»كە ئىگە خوتۇن بىلەن ھايات كەچۈرۈش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلەلمەيدىكەن. ئاخىر ئۇ ئۆزىچە: «بىچارە قىزدا نېمە گۇناھ! ئۇمۇ ھايات لەززىتىنى تېتىشى كېرەكقۇ، ساۋاب ئۈچۈن ئۇنى نىكاھىمغا ئېلىپ، بەختىيار قىلىمەن» دېگەن نىيەتكە كېلىپ، باغۋەننىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ قىزنى رابغۇزىغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ. رابغۇزى كېچىسى قىزنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ ۋە ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا گۈزەللىكتە تەڭداشسىز، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك سەۋر قامەتلىك بىر قىز تۇرغانىكەن. رابغۇزى ئادىششىپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ ئارقىسىغا قايتىپتۇ ۋە بىر چەتتە قاراپ تۇرغان قىزنىڭ ئاتىسىغا دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— بۇ ماڭا گېپىنى قىلغان قىز ئەمەسقۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىزنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا:

— ئەي ئۇستاز، قىزىمدا ھېچقانداق ئەيىب يوق. مەن ئۇنى قارىغۇ دېيىش بىلەن ئۇنىڭ باشقا ئەركەكلەرگە تىكىلىپ قارىمىغانلىقىنى، گاچا دېيىش بىلەن ھېچقاچان ئەدەپسىز سۆزلەرنى قىلمىغانلىقىنى، گاس دېيىش بىلەن پايدىسىز ۋە تېتىقسىز گەپلەرگە قۇلاق سالمىغانلىقىنى، قولسىز دېيىش بىلەن ھېچبىر ھارام نەرسىگە قول تەگكۈزمىگەنلىكىنى، ئاياغسىز دېيىش بىلەن بىرەر نامەقبۇل جايغا قەدەم باسمىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچىدىم. شۇنداق پاكىز ۋە ئەپپەتلىك قىزغا ئۆزلىرىدىن باشقا لايىق ئاق كۆڭۈل كوي ئوغۇل تاپالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ، ئۇنى سىلىگە تاپشۇردۇم. مېنىڭ شۇ قىزدىن ئۆزگە پەرزەنتىم يوق. بۇگۈندىن تارتىپ پۈتكۈل مال - مۈلكۈم ئۆزلىرىنىڭكى،— دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، رابغۇزى ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە ھالاللىقى تۈپەيلى مۇشۇنداق بەختكە ئېرىشكەنىكەن.



## تۇغلۇق تۆمۈرخان:

# جاسارەتنىڭ مېۋىسى غالىبىيەت

پادىشاھنىڭ نەيزىسى دۈشمەننىڭ كۆكرىكىدىن داۋاملىق تۆشۈك ئېچىپ تۇرۇشى كې-
رەك. يۈرەكلىك پادىشاھ لەشكەرلەرنىڭ جۈرئىتىگە رىغبەت بېرەلەيدۇ. يۈرەكسىز پادىشاھ
دۆلەت ئىگىسى بولۇشقا داۋاملىق مۇيەسسەر بولالمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق ھېكايەت بار:

مەشھۇر شاھ تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزىگە يۈزسىزلىك قىلغان ئەمىر تۆمۈر قوشۇنلىرى بى-
لەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىپتۇ. ئۇرۇش ۋاقتى يېتىپ كېلىپ ئىككى تەرەپ لەشكىرى بىر-
بىرىگە قارشى ئۇرۇش سەپلىرىگە تىزىلىپتۇ. ئارىدا ئەمەلدارلاردىن
بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن سوراپتۇ:

— پادىشاھىم، جەڭ ئىشى — غەلىبە قازىنىپ، نۇس-
رەت تېپىش بىلەن مەغلۇپ بولۇپ، يېڭىلىشنىڭ ئارىلى-
قىدىكى ئىشتۇر. مۇبادا بىزلەر يېڭىلىپ، مەغلۇپ بو-
لۇپ قالساق ئۆزىڭىزنى
بىز نەدىن ئىزدەيمىز؟

تۇغلۇق تۆمۈرخان
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى
غەزەپلىنىپتۇ ۋە ھېلىقى ئە-
مىرگە:

— ئەگەر مېنى «قاچ-
قان» دېگەن گۇمان بىلەن
ئىزدەيدىغان بولساڭلار،
ئۇنداق كىشى تەڭرىنىڭ
رەھمىتىدىن مەھرۇم بول-
سۇن! لېكىن دۈشمەنلەر غە-
لىبىگە ئېرىشىپ، بىزلەر يې-
ڭىلسەك، مېنىڭ بېشىمنى
ئاتلارنىڭ ئايىغىدىن ئىز-



دەڭلار! ــــ دەپتۇ.

دىگەندەك ئۇرۇش باشلانغاندا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەمىر تۆمۈر قوشۇنلىرى ئىچىگە
خۇددى شىردەك جاسارەت بىلەن ئېتىلىپ كىرىپتۇ. شەمشەر بۇلۇتلىرىدىن دۈشمەن باش-
لىرىغا ئۆلۈم يامغۇرىنى ئايىماي ياغدۇرۇپتۇ. چۈش ۋاقتى بولۇپ قۇياش تىكلىنىپتۇ،
ھاۋا قاتتىق قىزىپ كېتىپتۇ. جەڭگاھتىكى پۈتكۈل جەڭچىلەرنىڭ كۆكسىلىرىگە ھارارەت
تەپتى ئۇرۇلماقتا ئىكەن، ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلەر قۇرۇپ، چىرايلار ئۆڭۈشكە باشلاپتۇ.
مۇشۇنداق پەيتتە پادىشاھنىڭ بىر كىشىسى ئات چاپتۇرۇپ، سۇ كۆتۈرۈپ كەپتۇ.

ــــ ئەي پادىشاھىم، ــــ دەپتۇ ئۇ كىشى سۇنى تەڭلەپ، ــــ ئۇسسىغاندۇرسىز، بىر-
ئاز توختاپ بۇ سۇدىن ئىچىۋېلىڭ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇ كىشىگە:

ــــ مېنىڭ بۇ شەمشىرىم مەندىنمۇ بەك ئۇسسىدى. شەمشىرىم دۈشمەن قېنىدىن ئى-
چىپ قانمىغۇچىلىك، ئۆزۈمنىڭ ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرمايمەن، ــــ دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ توغرا پىلانى ۋە ئۇلۇغۋار شىجائىتى لەشكەر-
لەرگە زور ئىلھام بولۇپ، ئەمىر تۆمۈر قوشۇنلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ.

ئەمىر تۆمۈر:

## ئۆلارغا ئازادلىق بېرىڭلار

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، تۆت ئۇلۇس خانى قۇدرەتلىك شاھ
ئەمىر تېمۇر كوراگان ئەتراپتىكى جايلارغا ھەربىي يۈرۈش
قىلغاندا، ھىندى دىيارىدا قاتتىق جەڭ بوپتۇ، دەۋران غەلىبە
نۇسرەتنى ئۇنىڭغا يار قىلىپ دۈشمەنلىرىنىڭ باغرىنى تىلىپتۇ.



شاھ: «قەتلىئام قىلىنسۇن!» دەپ
يارلىق قىپتۇ. ھەر كىشى ئۆز
ئالدىغا قىرغىنغا ئاتلىنىپ، كې-
سىلگەن باشلار ساينىڭ تېشىدەك
يېتىپتۇ. پۈتكۈل دەشتنى جەسەت
قاپلاپ، قانلار دەريا بولۇپ ئې-
قىپتۇ. ھەممە تەرەپتە ئۆتكۈر قى-

لىچلار يالتىراپ گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بوپتۇ.

جەڭ بولۇۋاتقان ئاشۇ مەھەلدە ئىككى بىچارە دوست قىرغىننىغا دۇچ كەپتۇ-دە، بىر نۆكەر ئۇلارنىڭ بىرىنى چاپماق ئۈچۈن قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپتۇ. ئۆز دوستىنى قىلىچ ئاستىدا كۆرگەن ئۇنىڭ دوستى بېشىنى قىلىچ ئاستىغا سۇنۇپ:

— ئەگەر ساڭا باش كېرەك بولسا، ئۇنى چاپما، مانا بۇ باش ئۇنىڭغا ئەرزىيدۇ، — دەپ نۆكەرگە ئىلتىماس قىپتۇ. نۆكەر چاپماق بولۇپ يۈزلەنگەنىكەن، ئۇنىڭ دوستمۇ ئاشۇ سۆزنى تەكرارلاپتۇ. قايسىسىنى چاپاي دېسە، ئۇلارنىڭ يەنە بىرى قاتىلنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ. نۆكەر غەزەپلىنىپ ئىككىلىسىنى چاپماق بوپتۇ. ئۇ بۇ ئىككىيلەننىڭ قايسىسىغا يۈزلەنسە، يەنە بىرى تاقەتسىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ئاۋال مېنى چاپ، مەن كۆزۈمنى يۇمغۇچە ئۇ تىرىك تۇرسۇن!

شۇ يوسۇندا ئۇلار ئۆز دوستىنىڭ بىردەملىك ھاياتى ئۈچۈن بېشىدىن كېچىپ، بويىنىغا چۈشىدىغان قىلىچنى تالىشىپتۇ.

ئارىدا خېلى بىر زامان تالاش - تارتىش بوپتۇ. بۇنى كۆرگەنلەر ئارىسىدا غۇۋغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىككى دوستىنىڭ بىر - بىرى ئۈچۈن ئۆز جېنىدىن كەچكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئەمىر تۆمۈر تەسىرلىنىپ ئۇلارنىڭ قېنىدىن كېچىپ شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇلارغا ئازادلىق بېرىڭلار!

شۇنداق قىلىپ ۋاپا ۋە ساداقەتلىك خاسىيىتىدىن ئۇلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ ھەم خەلق قىرغىنىدىن خالاس بوپتۇ.

مەۋلانە لۇتفىي:

## بەزى ئىشلارغا نوۋا دېگۈلۈك

### 1

مەۋلانە لۇتفىي بايسۇنغۇر مىرزانىڭ تەكلىپى بىلەن مەۋلانە مۇزەپپەر ھىراۋىينىڭ «باغ» رادىپلىق قەسىدىسىگە جاۋاب يازغان ۋە ئۇ قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەنىكەن. كېيىن يەنە شۇ شائىرنىڭ «ساراي» رادىپلىق قەسىدىسىگىمۇ جاۋاپ يېزىش لازىملىقى ئېيتىلغاندا، مەۋلانە لۇتفىي بايسۇنغۇر مىرزىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئاۋۋال كۆرەيچۇ، مۇزەپپەر ھىراۋىينىڭ «باغ»دىن قانداق مېۋە يەر ئىكەن-

مەن، ئەنە شۇنڭدىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ «ساراي»ىغا قەدەم قويىمەن.
بۇ گەپتىن مىرزا بايسۇنغۇر كۈلۈپ كېتىپتۇ ھەم لۇتفىيغا كۆپلەپ مۇكاپات بېرىپتۇ.

2

بىر كۈنى لۇتفىي بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئۆزى يازغان شېئىرلارنى ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ كىشىلەرگە ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. دىققەت قىلسا، ئوقۇلغان شېئىرلارنىڭ لەززىتىدىن ھۇزۇرلانغان كىشىلەر ئۇ ئادەمگە ئاپىرىن ئېيتىۋاتقۇدەك.

— بۇرادەر، كىمنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەۋلانە.

— لۇتفىينىڭ شېئىرلىرىنى، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— لۇتفىينى تونۇمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ يەنە مەۋلانە.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ لۇتفىي دېگەن ئۆزۈم بولىمەن! — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— توۋا قىلدىم، — دەپتۇ شۇ چاغدا مەۋلانە ياقىسىنى تۇتۇپ، — شېئىر ئوغرىسىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ئەمما شائىر ئوغرىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم...

3

يەنە بىر كۈنى ئۆزىنى ناھايىتى بىلىملىك چاغلاپ، كېرىلىپ يۈرىدىغان بىر شائىر لۇتفىيغا شېئىرىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن:

— شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن بۇ شېئىرىمنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويماقچىمەن، جانابلىرى بۇنىڭغا نېمە دەيلا؟

— دەپتۇ.

— ياخشى ئويلاپسەن، — دەپتۇ مەۋلانە ئۇنىڭغا جاۋابەن، — بىراق شېئىرىڭنىڭ قېشىغا ئۆزۈڭنىمۇ ئېسىپ قويۇش كېرەك. بولمىسا كىشىلەر بۇ شېئىرىڭنى سېنىڭكى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلىدۇ؟



4

يەنە بىر كۈنى مەۋلانە لۇتفىي بازار ئايلىنىۋېتىپ، بىر دوقمۇشتىن ئەگىلگەندە ئۆزد-
نى «شائىر» ئاتىۋالغان بىر كىشى ئۇچراپ قاپتۇ ۋە مەۋلانىگە:

— ئاخشام خىزىر ئەلەيھىسسالامنى چۈشۈمدە كۆرۈپتىمەن. مۇبارەك تۈكۈرۈكىنى
ئاغزىمغا سۈپلەپ قويدى، — دەپتۇ.

مەۋلانە دەرھاللا:

— خاتالىشىپسەن، ھەزرىتى خىزىر ئەسلىدە سېنىڭ ئەپت - بەشرەڭگە تۈكۈرگەن
گەپ، سەن ئاغزىڭنى ئېچىپ ياتقانلىقىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ تۈكۈرۈكى ئاغزىڭغا چۈشۈپ
كەتكەن، — دەپتۇ.

نەۋايى:

## جاۋاب تەييار

ئەلىشىر نەۋايى ئۆز دەۋرىدە شائىر، دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە نام قازىنىپلا قال-
ماي، يەنە ھازىر جاۋابلىقى بىلەنمۇ مەش-
ھۇر بولغانىكەن. بۇ ھەقتە تۆۋەندىك-
دەك قىزىقارلىق ھېكايەتلەر بار:

سۇلتان ھۈسەيىن پادىشاھ، مىر ئە-
لىشىر ۋەزىر ئىدى. بىر كۈنى پادىشاھ
ۋەزىرلىرى بىلەن شىكارغا چىقتى. شۇ
مېڭىشتا ئۇلارنىڭ يوللىرى بىر كۆلنىڭ
يېنىدىن ئۆتتى. قارىسا قومۇشلارنىڭ
ئۇچلىرى قۇرۇپ، قاغجىراپ قالغانىكەن.
شۇ چاغدا ئەلىشىر:

— كۆلدىكى قومۇشلار سۇ ئىس-
تەپ، چاڭقاپ قاپتۇ. بۇلارغا يامغۇر كې-
رەك ئىكەن-دە! — دەپتۇ.





مر ئەلشرنىڭ يېنىدا تۇرغان پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— ئەخمەق، سۇدا تۇرغان قومۇشلار قانداقمۇ چاڭقىسۇن، — دەپ مەسخرە قاپتۇ.

مر ئەلشر ئىندىمەپتۇ.

شۇ يوسۇندا يول يۈرۈپ، يول يۈرسمۇ مول يۈرۈپ، ئاخر بىر باياۋانغا يېتىپ بېرىپ، ئوۋ قىلىشىپ، دەم ئېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە كۈن ئوۋ ئوۋلاپ، ھاردۇق چىقىرىپ، ئاخىر ئارقىغا قايتىشىپتۇ.

يولدا بۇلارنىڭ ئالدىغا بىر چوڭ ئېرىق ئۇچراپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىرلەر ئاتلىرىنى سۇغىرىشقا ئېلىپ بېرىشىپتۇ، ئۆزلىرىمۇ سۇ ئىچىشىپتۇ. ئەمما مر ئەلشر ئۆزىنىڭ ئېتىنى سۇغارماي، ئېرىقنىڭ ئىچىگە چۈشۈرۈپ، نوختىسىنى مەھكەم تۇتقان ھالدا تۇرۇۋېرىپتۇ.

سۇلتان ھۈسەيىن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— مر ئەلشر، نېمە ئۈچۈن ئاتنى سۇغارمايسىز؟

— سۇ ئاتنىڭ قارنىغا تېگىپ تۇرغان بولسا، ئۇنى سۇغىرىش نەھاجەت؟ چاڭقىغان بولسا، ئەنە يۈتى بىلەن ئىچىۋەرسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مر ئەلشر.

بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان ھۈسەيىن ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ئېيتقان گەپىنى يادىغا ئېلىپ، يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئاپتۇ-دە، مر ئەلشرگە ئىككى مىڭ تەڭگە ئىنئام بېرىپتۇ.

* * *

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەلشر نەۋايى ھۇزۇرىغا بىر سودىگەر كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز ئوغلىغا شائىرلىق ھۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— ئوغلىڭىز قانداق ھۈنەرگە قىزىقىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن ئەلشر نەۋايى.

— ئوغلۇم ماڭا ئوخشاش سودىگەر بولۇشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ شائىر بولۇشنى خالايمەن.

— ئەسلىدە سودىگەرلىك ھۈنەر ئەمەس، ئەمما ئوغلىڭىز شۇنى خالايدىكەن، مەيلى ئۆگەنسۇن. شائىرلىق بولسا ئىنسان پەزىلىتىدۇر، — دەپتۇ ئەلشر نەۋايى.

* * *

ھىراتتا ئەلىشىر نەۋايى بىلەن بىللە مەۋلانە بىنائىي دېگەن شائىرمۇ ياشايتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى بىنائىي ئەلىشىر نەۋايىنىڭ بېغىغا كەپتۇ. قارىسا ئۇ بىرقانچە شائىرلار ۋە سازەندىلەر بىلەن شېرىن سۆھبەتلەر قۇرۇپ ئولتۇرغانىكەن. بىنائىينىڭ غەيرىيلىكى تۇتۇپتۇ. شۇ چاغدا ئالدىغا ھاۋشىغانچە كەلگەن ئىتقا قاراپ ئاۋازىنىڭ بارىچە:

— ھە، جانابلىرىنىڭ ئىتلىرىمۇ نەۋ (ئاھاڭ چىقىرىۋاتىدۇ، دېمەكچى) قىلىدىكەن-ھە، بىز بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىكەنمىزغۇ، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينى بابلاپ چېقىۋالماقچى ئىكەن.

بىنائىينىڭ مەقسىتىنى دەرھال چۈشەنگەن نەۋايى ئۇنىڭغا شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھەئە، ئانچە-مۇنچە بېقىپ پەرۋىش قىلغانىدۇق، مەۋلانىنىڭ ئۆزلىرى كۆرۈپ تۇرغان بىنائىيدەك بولۇپ قالدى.

بۇ گەپكە شائىرنىڭ سۆھبەتداشلىرى مەززە قىلىپ كۈلۈپتۇ.

يەنە بىر قېتىم ئەلىشىر نەۋايى بىلەن بىنائىي بىر كۈنى كوچىدا كېتىۋاتسا، يولدىكى باغدىن غەزەل ئاڭلىنىپ قاپتۇ. غەزەل بىنائىينىڭ ئىكەن. ئۇ غەزەلنىڭ ئۆزىنىڭكى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ، ئەلىشىر نەۋايىغا:



— باغقا قاراپ باقايلى، بەك ياخشى غەزەل ئوقۇشۇۋېتىپتۇ، — دەپتۇ.

ئەلىشىر نەۋايى:

— باغقا كىرىپ غەزەل ئاڭلىساقمۇ مەيلى، — دەپ رازى بوپتۇ.

ئىككىسى باغقا كىرىشىپتۇ. غەزەلخان غەزەلنى ئوقۇپ بولغاندا، بىنائىي ماختىنىپ:

— ھەي ئىنىم، شېئىرنى بىنائىيدەك يېزىپسەن، ئوقۇشۇڭمۇ بىنائىيدەك، رەھمەت، ئاپىرىنلار بولسۇن ساڭا! — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان نەۋايى:

— ئەمما، بۇ دوستىمىز شېئىر-



نىڭ ناۋاسىنى جايىدا قويالماپتۇ، ئۆز-
گىچە يەم - پاراسەتنى ئىشقا سېلىپ،
پېشانە تەرى تۆككەندە غەزەلنىڭ نا-
ۋاسى جايىغا كېلەرمىكىن... — دەپتۇ.
بۇ سۆزدىن بىنائىي خىجالەت بو-
لۇپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ قاپتۇ.

* * *

بىر كۈنى سۇلتان سۈيۈن مىرئەلى-
نى گەپتە لەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا
ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىشنى تاپشۇ-
رۇپتۇ.

— سىزگە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىمەن. شۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە تاشتىن تەلپەك تىكىپ كېلىسىز.

— ھەزرىتىم، ئەگەر يىپىنى ئۆزىڭىز تېپىپ بەرسىڭىز ئۈچ كۈندە ئەمەس، ئۈچ سائەتتىلا تىكىپ بېرىمەن، — دەپتۇ مىرئەلى.

— قانداق يىپ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇلتان سۈيۈن يېڭىلىشىنى خالىماي.

— تالنىڭ كۆلىدىن ئىشلەنگەن يىپ-تە، شاھىم.

— بەك دانا ئىكەنسىزغۇ! تالنىڭ كۆلىدىن قانداقمۇ يىپ ئەشكىلى بولىدۇ؟

— ئۇنداق بولسا تاشتىن تەلپەك تىككىلى بولامدۇ، شاھىم؟ — دەپتۇ مىرئەلى.

مىرئەلىنىڭ ھازىر جاۋابلىقىدىن خىجىل بولغان سۇلتان سۈيۈن لام-جىم دېيەلمەپتۇ.

* * *

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۈسەيىن بايقارا كاتتا ئەمەلدارلار، ۋەزىر-ئۆلىمالار، ئالىملار ۋە شائىرلار بىلەن شەھەر ئايلىنىپتۇ. ئۇلار ئايلىنىپ يۈرۈپ تۆمۈرچى، مىسكەرلەر كوچىسىغا چىقىپ قاپتۇ. ھۈسەيىن بايقارا ئۇستىلار بىلەن سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر تۆمۈرچىنىڭ بولقا ئۇرۇۋشىدىن چىققان ئۇچقۇن چاچراپ سۇلتاننىڭ زەرباب تونىنىڭ ئېتىكىگە چاپلىشىپتۇ-دە، خېلى يېرىنى كۆيدۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر-ئۆلىمالار: ھازىر ئالىي ھەزرەت تۆمۈرچىنىڭ بۇ بىئەدەپلىكى ئۈچۈن ئۇنى جازالايدۇ، دەپ ئويلىشىپتۇ.

تۆمۈرچىنى كەرىم بابا دەپ ئاتىشىدىكەن. كەرىم بابامۇ: «ئاپلا، يامان بولدى! پادىشاھتىن جەبىر كۆرىدىغان بولدۇم» دەپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا ھۈسەيىن بايقارا ھېچ نەرسىگە ئېتىبار قىلماي، قەلەم-قەغەز كەلتۈرۈپتۇ-دە: «چۈشتى دىل دامىنىگە بىر شەرەرى شۇ رەڭگىز» دەپ يېزىپ ئۇنى «قېنى، داۋامىنى يېزىڭلار!» دېگەندەك ئىشارە قىلىپ يېنىدىكى شائىرلاردىن بىرىگە بېرىپتۇ. ئۇ شائىر جاۋاب تاپالماي باشقىسىغا سۇنۇپتۇ... شۇ يوسۇندا قەغەز قولدىن-قولغا ئۆتۈپتۇ. لېكىن شائىرلاردىن بىرەرسىمۇ سۇلتان باشلىغان مىسراغا ئۇلاپ قىيامىغا يەتكۈزۈپ جاۋاب يازالماپتۇ. شۇ چاغدا ھۈسەيىن بايقارا: «شائىر بولماي كېتىڭلار. بۇنى دوستۇم ئەلشىرگە ئېلىپ بېرىڭلار. لېكىن شەرت شۇكى: مەن يازغان مىسرا قەيەردە، قاچان ۋە قانداق شارائىتتا، نېمە مۇناسىۋەت بىلەن يېزىلغانلىقىنى بىلدۈرمەڭلار!» دەپتۇ.

شائىرلار نەۋائىينىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ھېلىقى بىر مىسرا شېئىر يېزىلغان قەغەزنى ئۇزىتىپتۇ ۋە گەپ-سۆزسىز قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشۇپتۇ. نەۋائىي قەغەزنى ئېچىپ ئۇنىڭدىكى مىسراغا كۆز يۈگۈرتۈپتۇ-دە، دەررۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ ھۈسەيىن بايقارا يازغان مىسرانىڭ تېگىگە مۇنۇ مىسرانى يېزىپتۇ:

«ئىشق ئاھاڭلىرى زەنجىرى جۇنۇن ئىشلەر ئىدى.»



يەنى، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ يۇقىرىدىكى مىسراسىنىڭ مەزمۇنى «دىل ئېتىكىگە كۆيدۈرگۈچى بىر ئۇچقۇن چۈشتى» دېگەن بولغانلىقتىن، نەۋائىي «چۈنكى تۆمۈرچى ئىشق دىۋانىلىرىگە زەنجىر ئىشلەر ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

ھۈسەيىن بايقارا نەۋائىينىڭ جاۋابىنى ئوقۇپ: «ئەلشىرگە ئاپىرىن!» دەپ دوستىنىڭ ھازىر جاۋاب شائىرلىقىغا يەنە بىر قېتىم تەھسىن ئوقۇپتۇ.

* * *

ھۈسەيىن مىرزىنىڭ بىر تۇلپىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭغا پادىشاھ يەرۇ

كۆككە ئۇشەنگەندەك ئىشىنىدىكەن. پەقەت ئوۋغا چىققان، ئۇزاق سەپەرلەرگە ئاتلانغان چاغلىرىدىلا مىنىدىكەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە شىكاردىن قايتقان پادىشاھ ئارغىمىقىدىن رازى بولۇپ ئەلشىر نەۋايىغا ماختىنىپتۇ:

— ئالەمدە بىزنىڭ ئارغىماقتەك ئۇچقۇر ئات بولمىسا كېرەك! بۇ تۇلپار قايسى نەسلىدىن بولغىيتتى-ھە؟

— سىير نەسلىدىن، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەلشىر نەۋايى.

— نېمە دەيسىز، كالىلىڭىز جايىدىمۇ، شۇنداق تۇلپار سىيرغا ئوخشامدىكەن؟ قاي-سى زاماندا سىير نەسلىدىن ئات تۇغۇلۇپتىكەن، ئەي ۋەزىرى نادان؟ — دەپتۇ جەھلى چىققان پادىشاھ.

ئەلشىر نەۋايى بولسا قىلچە پەرۋا قىلماي:

— تەقسىر، ئاخىرنى دىگۈچە سەۋر قىلىڭ، مەسىلە تېخى تېگىگىچە ئېچىلغىنى يوق. سىير نەسلىدىن تۇلپار تۇغۇلامدۇ-يوق، بۇنى بىلىش ئۈچۈن مۇشۇ ئاتنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئات باقارنىڭىزنى چاقىرتىسىڭىز، — دەپتۇ.

ھۇسەيىن مىرزا شۇ زاماتىلا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ھەش-پەش دىگۈچە ئات باقار يېتىپ كېلىپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. مىرزا تۇلپارنىڭ ئەسلى نەسلىنى بىل-مەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ سوراپتۇ:

— بۇ تۇلپارنىڭ نەسلى ساپمۇ؟

— ئالەمپاناھ، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز. مەن بىر كەم-بەغەل ئادەممەن، غەزەپلىنىپ كېتىپ بالىچاقامنىڭ ئۇۋالىغا قالماڭ! خۇدا خەيرىڭىزنى بەرسۇن، ھىممىتىڭىزنى ئايىماڭ، سىزگە بىر گەپ-نى دەپ بېرەي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ ئات باقار.

— خوپ، كەچتىم، ئېيتىۋەر، — دەپتۇ ھۇسەيىن مىرزا.

— تۇلپىرىڭىز ئەسلى سىيرنىڭ نەسلىدىن، تەقسىر، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئات باقار، — بايتاللىرىڭىزدىن بىرى مۇشۇ قۇلۇننى تۇغدى-دە، ئۆمرى قىسقا ئى-كەن، ئۆلۈپ قالدى. قانداق قىلىشىمنى بىل-مەي قالدىم. شۇ كۈنى ئېغىلدا بىر نەسىللىك سىيرىڭىزمۇ تۇغقانىدى. بىچارە قۇلۇنغا رەھىم كېلىپ، شۇ سىيرنى ئەمدۈردۇم. بۇ تۇلپارنىڭ ئانىسى ئەسلى شۇ سىير، تەقسىر!



پادىشاھ ئەجەبلەنگەنلىكىدىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ، ياقىسىنى تۇتۇپ قاپتۇ. ئات باقار

چىقىپ كەتكەندىن كېيىن:
— دوستۇم ئەلشىر، سىز بۇنى نەدىن بىلىۋالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— تەقسىر، سىز بىلەن تونۇگۈن ئوۋغا چىققاندا، پالانى يەردىكى سۇدىن ئۆتۈۋاتقىنىمىزدا زەن سېلىپ تۇرسام، ئېتىڭىز كېچىكتىن ئۆتۈپلا خۇددى سىيىرلاردەك پۇتىنى كەينىگە قارىتىپ سىلكىتتى، — دەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ھۇسەيىن مىرزا ئەلشىر نەۋايىنىڭ زېرەكلىكىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولغانىكەن.

* * *

سۇلتان ھۇسەيىن بىر كۈنى ئۆز ۋەزىرلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى، دانىشمەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۇلارنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپتۇ:
— ماڭا ئۈچ يامان ئادەم تېپىپ بېرىڭلار، تاپالىغىنىڭلارغا يۈز تىللا مۇكاپات، تاپالمىغىنىڭلارغا يەتمىش دەررە، — دەپتۇ ۋە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىپتۇ.
ۋەزىرلەر پايپېتەك بولۇشۇپ، تەرەپ-تەرەپنى كېزىپتۇ. ئۈچ-كۈن ھەش-پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىپتۇ. لېكىن، ئۈچ يامان ئادەمنى تاپالماپتۇ.
پەقەت ئەلشىر نەۋايى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۈچ يامان ئادەمنى — جاللات، قاسساپ ۋە ئوۋچىنى باشلاپ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ. ھۇسەيىن مىرزا بۇنى كۆرۈپ، دوستىنىڭ دانالىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە شائىرنى تەقدىرلەشنى بۇيرۇپتۇ. ئەلشىر نەۋايى





خەزىنىدىن يۈز تىللانى ئېلىپ، ئۆز ئۆيىگە قايتىپتۇ، ئەتىسى مەھەللىسىدىكى كەمبەغەل ۋە يېتىم - يېسىرلارغا يۈز تىللانى تەقسىم قىلىپ بېرىۋېتىپتۇ. ئۈچ يامانىنى تېپىپ كېلەلمىگەن ۋەزىرلەرنى بولسا، سۇلتان ھۆسەيىن يەتمىش دەررىدىن ئۇردۇرۇپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان ھۆسەيىن يەنە ۋەزىرلىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۈچ يامانغا تەرىپ بېرىشنى سوراپتۇ. ئۇلاردىن يەنە ھېچبىرىدىن سادا چىقماپتۇ. ھەتتا يىغىلىشلاردا ئانچەمۇنچە ئادەملەرگە گەپ بەرمەيدىغان مەمەدان ۋەزىر مەجدىدىنمۇ ئېغىزدۇرۇقىنى چىشلىگەن ئاتتەك ساقىلىنى چىشلەپ، بىزىرىپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىگەندىن كېيىن، ئەلىشىر نەۋايى ئۆزى تېپىپ كەلگەن ئۈچ يامانغا ئۆزى تەرىپ بېرىپ:

— جاللاتقا پەرمان بولسىلا بولدى، ھەقمۇ-ناھەقمۇ، بەرىبىر ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن ئادەمنى ئۆتكۈزۈۋېرىدۇ. قاسساپ ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى سويىدۇ. ئوۋچى جانىۋارلارنى ئوۋلايدۇ، چىرايلىق قۇشلارنى تۇتۇپ، قەپەسكە سولايدۇ، ئۇلارنى ھايات گۈزەللىكلىرىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، — دەپتۇ.

سۇلتان ھۆسەيىن شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە، دانىشمەنلىكىگە قايىل بوپتۇ.

سەئىدخان:

# يولۋاسنى يەڭگەن بىلەن

پادىشاھ سەئىدخاننىڭ يېنىدا ئەقىل كۆرسىتىدىغان بىر دانىشمەن مەسلىھەتچىسى بار ئىكەن. ئۇ كىچىك ئىشلاردىن تارتىپ تاكى دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغىچە سەئىدخانغا ئەقىل كۆرسىتىدىكەن. سەئىدخانمۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز ئالدىراپ بىر ئىشقا قارار چىقارمايدىكەن. بۇ دانىشمەن ھەر كۈنى ئەتىگەن ئىشقا كەلگەندە ئاۋۋال شاھ سەئىدخانغا سالام بېرىپ، تىنچلىق سوراپ ئاندىن ئۆز ئورنىدا ئولتۇرىدىكەن.

بىر كۈنى ئەتىگەندە بۇ دانىشمەن ئىشقا كېچىكىپ كەپتۇ. ئوردىغا كىرسە سەئىدخان ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ، چېچىلىپ بىرەيلەنگە قاتتىق كايىپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن دانىشمەن پادىشاھ سەئىدخانغا سالاممۇ قىلماستىن، تىنچلىقمۇ سورىماستىن، پادىشاھنى مەنسىتمىگەندەك، ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋېپتۇ، پادىشاھ سەئىدخان دانىشمەننىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلدى، دەپ بىلىپ، ئاچچىقى تېخىمۇ ئۆرلەپ زەردىسى بىلەن دانىشمەنگە:



— ھەي! بۈگۈن سەن نېمە بولدۇڭ؟ ھەر كۈنى ئىشقا كەلگەندە ئالدى بىلەن مەن بىلەن سالاملىشىپ، مەندىن تىنچلىق سوراپ ئاندىن ئۆز ئورنۇڭغا بېرىپ ئىشىڭنى قىلاتتىڭ. بۈگۈن نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟ — دەپ كايىپتۇ.

— شاھىم، ئۆتكەندە سىلى ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئوۋغا چىققان چاغلىرىدا تەنھا ھالدا بىر يولۋاسنى ئوۋلاپ، ھەممىنى ھەيران قالدۇردىلا. مېنىڭمۇ سىلىگە بولغان قايىللىقىم تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەمما بۈگۈن مەن سىلىنىڭ ھەقىقىي باتۇر ئىكەنلىكلىرىگە ئىشەنمىدىم، — دەپتۇ دانىشمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ شاھ سەئىدخان تېخىمۇ خاپا بولۇپ:

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ مېنىڭ باتۇرلۇقۇمغا پۈتۈن ئەل گۇۋاھ تۇرسا، سەن بۇنداق گەپنى قىلىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ — دەپ ئۆزىنى باسالماي دانىشمەنگە كايىپتۇ.

— تەقسىر، سىلى يولۋاسنى يەڭگەن بىلەن ئاچچىقلىرىنى يېڭەلمىدىلە، سىلىنى قانداقمۇ باتۇر دېگىلى بولسۇن؟! ئاچچىق ئادەمنىڭ ئۆزىدىن چوڭ ئەمەس، ئاچچىقلاپ، كايىپ ئۆزلىرىنى خاپا قىلدىلا، باشقىلارنىڭمۇ دىلىنى ئاغرىتتىلا. ئاچچىقلانغاندىن نېمە پايدا چىقتى؟ ئاقىل ئادەم ھەر ئىشنى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن قىلىدۇ، ئەل ئارىسىدا «ئېغىرلىق رەھمانلىق، يەڭگىللىك شەيتانلىق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار، پادىشاھ بولغان كىشى بۇ سۆزنى ئەستىن چىقارماسلىقى لازىمدۇر، — دەپتۇ دانىشمەن.

دانىشمەننىڭ سۆزى پادىشاھ سەئىدخانغا قاتتىق تەسىر قىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاسانلىقچە چېچىلمايدىغان بولغانىكەن.

## سۇلتان ئابدۇرېشىتخان:

# پەرزەنت شۇنداق بولسا

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە خىيانەتچى كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرى ئىسپاتلانسا، ئۇلارنىڭ قوللىرى كېسىلەر ئىكەن. بىر كۈنى سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئالدىغا ئوغرىلىقتا ئەيىبلەنگەن بىر كىشىنى ئېلىپ كېلىشى بىلەن سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇپتۇ. خەلق يىغىلىپتۇ. ئوغرىنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىشىپتۇ، جاللاتمۇ ھازىر بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر كىچىك قىز سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە تىز چۆكۈپ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىپتۇ:

— شاھ ئالىيلىرى، يامان ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاتامنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇپتىلا، ئاتام يامان ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى جازالاشقا ھەقلىق ئىكەنلىكلىرىنى بىلىمەن. ئاتامنىڭ مېنىڭدىن بۆلەك تۆت كىچىك بالىسى بار. ئاتىمىز بولسا كېسەل، بىزلەرنى باقالمايدۇ. ئەگەر ئاتىمىزنىڭ قولىنى كەستۇرسىلە، بىزلەر ئاچلىقتىن ئۆلىمىز. ئاتا-

مىزنىڭ قولنى كەستۈرمىگەيلا، ئەگەر قول كېسىشتىن باشقا ئىلاج بولمىسا، ئاتىمىزنىڭ قولى ئورنىغا مېنىڭ قولۇمنى كەستۈرگەيلا.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان كىچىك قىزدىكى ئاتا - ئانىغا بولغان مۇھەببەتنىڭ بۇ قەدەر كۈچلۈكلۈكىنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قاپتۇ. يەنە ئۇنى سىنىماق ئۈچۈن:

— مەيلى، ئاتاڭنىڭ قولى ئورنىغا سېنىڭ قولۇڭنى كەستۈرىمەن. ساڭا بىر كۈنلۈك مۆھلەت بېرەي، ئويدان ئويلان، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالمىغىن، — دەپتۇ.



ئەتىسى قىزنىڭ ئاتىسىنى قولنى باغلاپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېلىشىپتۇ. قىزمۇ ھازىر بوپتۇ. قىز ئاتىسىنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ:

— ئاتا، ھەرگىز قورقماڭ، مەن ھاكىمغا: ئاتىمىزنىڭ قولى ئورنىغا مېنىڭ قولۇمنى كەستۈرگەيلا، دەپ يېلىندىم، ئۇ ماقۇل بولدى. ھازىر مېنىڭ قولۇمنى كېسىپ، سىزنى ئازاد قىلىدۇ، — دەپ قولىنى جاللاتقا ئۇزىتىپتۇ.

قىزنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان قاتتىق تەسىرلىنىپتۇ. جازا مەيدانىغا توپلانغان خەلقمۇ ھاياجىنىنى باسالماي كۆز يېشى قىلىشىپتۇ.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان قىزنىڭ ئاتىسىنى دەرھال ئازاد قىپتۇ، قىزنى ماختاپ، كۆپلىگەن ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپتۇ. ئاتا - بالا قۇچاقلىشىپ چەكسىز سۆيۈنۈپ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

سۇلتان ئابدۇرېشىتخان جازا مەيدانىدىكى بىر مەرمەر تاشقا: «كىچىككىنە قىز ئاتىسىنىڭ قولى ئورنىغا ئۆزىنىڭ قولىنى كېسىشنى ئىختىيار قىلدى. شۇ قىزدەك پەرزەنتكە ئىگە بولغان ئاتا - ئانىلار نېمىدېگەن بەختلىك-ھە!» دېگەن پۈتۈكنى يازدۇرۇپتۇ.

بابۇرشاھ:

## باتۇرلۇق ۋە ئەقىل — يىگىت زىننىتى

### 1

پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ پادىشاھى ئۆمەرشەيخنىڭ ئوغلى زەھىرىددىن مۇھەممەد ياشلىقىدىلا ناھايىتى ئەقىللىك ۋە يۈرەكلىك ئىكەن. ئۆمەر شەيخ بوش ۋاقىتلىرىنى شىكار بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن ھەم ھەر قېتىم ئوۋغا چىققىنىدا، ئوغلىنىمۇ بىرگە ئېلىپ ماڭىدىكەن. بىر كۈنى شىكار تازا ئەۋجىگە چىققاندا ياش زەھىرىددىن مۇھەممەد چاتقاللىقلاردا ئادىشىپ قاپتۇ. ئەمما ئۇ قاپ يۈرەك بولغاچقا، ھېچقانچە قورقۇنچقا چۈشمەپتۇ، يىغلاپ - مىچىلداپ يۈرمەپتۇ. كۈن پېتىپتۇ، كەچ كىرىپتۇ. بىر چاغدا ئادەمسىز بىر غارنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇ يەرگە كىرىپ ياتىمەن، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، بۇ يەردىن چىقىپ، چوقۇم دادامنى ئىزدەپ تاپىمەن، دەپ ئويلاپ غارغا كىرىپتۇ ۋە شۇ يەردە بىر تاشقا بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، قۇلاقنى يارغۇدەك بىر دەھشەتلىك ھۆركىرىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بالا بۇ چاغدىمۇ ۋەھىمىگە چۈشمەپتۇ. قانداق ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۈتۈپ، قىمىر قىلماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ھېلىقى ئاۋاز بارغانسېرى غارغا يېقىنلىشىپ كېلىشكە باشلاپتۇ. زەھىرىددىن مۇھەممەد نەپسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تىكىلىپ قارىسا، ئاغزىدا چوڭ بىر ئولجىنى چىشلىۋالغان بىر ئانا يولۋاس غارغا قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۆسمۈر زاھىرىددىن مۇھەممەد ئەمدى نېمە ئىش يۈز بېرەركىن، دەپ يەنە جىم تۇرۇۋېرىپتۇ. يولۋاس ھەيۋەت بىلەن غارغا كىرىپ كەپتۇ. شۇ چاغدا ئىككى يولۋاس كۈچۈكى بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، زەھىرىددىن



مۇھەممەدكە سۇركىلىپ دېگۇدەك ئۆتۈپ ئانسىغا يېپىشىپتۇ. ئانا يولۋاس بالىلىرىنى يالاپتۇ، ئەركىلىتىپتۇ، ئېلىپ كەلگەن ئولجىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، ئوزۇقلاندۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بالا تاكى تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي چىقىپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ، ئانا يولۋاس ئولجا ئاختۇرۇپ غاردىن چىقىپ كېتىپتۇ. زەھىرىددىن مۇھەممەد بىر پەس ئۇندىمەي تۇرۇپتۇ-دە، تەۋەككۈل قىلىپ يولۋاسنىڭ بالىلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. يولۋاس بالىلىرى بۇ ناتونۇش مېھماننى شۈركۈنۈپ دېگۇدەك قارشى ئاپتۇ. كېيىن تىل تېپىشىپ، ئۇلار بىلەن ئىناقلىشىپ، ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىپتۇ.

ئەمدىكى گەپنى ئۆمەر شەيختىن ئاڭلاڭ. شىكارغا بېرىلىپ كەتكەن ئۆمەر شەيخ دەسلەپ ئوغلىنىڭ يوقاپ كەتكىنىنى بايقىماپتۇ. كەچ بولۇپ، كاناي - سىدۇناي چېلىنىپ، شىكار توختىغاندىن كېيىن، قارىسا زەھىرىددىن مۇھەممەدنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بوپتۇ. ئۆمەر شەيخ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، قاتتىق قايغۇغا پېتىپتۇ، داد - پەرياد كۆتۈرۈپتۇ. ياساۋۇللارغا مەشئەللەرنى يېقىپ، چاتقاللىقلارنى چالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ.

— بالام تېپىلمايدىكەن، ھەممىڭنىڭ كاللىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن! — دەپتۇ ئۇ ئۇلارغا ھۆركىرەپ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر كېچە دېگۇدەك ئىزدەپتۇ، ئەمما تاپالماپتۇ. تاڭ ئېتىپتۇ. ئاتقا مىنىپ ئوغلىنى ئىزدەۋاتقان ئۆمەر شەيخنىڭ كۆزى بىر چاغدا يولۋاس ئىزىدىكى قانغا چۈشۈپ قاپتۇ ۋە «بالامنى يولۋاس تۇتۇپ كېتىپتۇ» دەپ يىغانى پەلەككە يېتىپتۇ. ھوشىدىن كېيىن ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.

ئۆمەر شەيخ ئۆزىگە كېلىپ، قان ئىزىدىن بويلاپ مېڭىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇلار شۇ ھالەتتە مېڭىپ، چاتقاللىقلارنىڭ چېتىدىكى بىر تاشلاندۇق غارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قاپتۇ. غارغا كىرىپ قاراشسا، بىر بالا ئىككى يولۋاس بىلەن قوغلىشىپ ئويناۋاتقانمىش. ئوغلىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتكەن ئۆمەر شەيخنىڭ ھاياجاندىن يۈرەكلىرى يېرىلىپ كەتكۇدەك بوپتۇ.

ئۆمەر شەيخ يولۋاس بالىلىرى بىلەن زەھىرىددىن مۇھەممەدنى ئېلىپ، سارايغا

قايتىشىپتۇ. بۇ ۋەقە تېزلىكتە شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. «ھەزرىتى ئالىينىڭ ئوغلى يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى يېڭىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە ئاڭلاپتۇ. ھەممە ھەيرەتتىن ياقىسىنى تۇتۇشۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بالىنىڭ ئەسلىي ئىسمى زەھىرىددىن مۇھەممەدنىڭ يېنىغا «بابۇر»، يەنى يولۋاس دېگەن لەقەمنى قوشۇپ ئاتايدىغان بولۇشۇپتۇ. بابۇر يولۋاس بالىلىرى بىلەن ئېچىل - ئىناق ئۆسۈپ، چوڭ بوپتۇ. جەمئىي مەخلۇقاتلاردىن، ھەتتا ۋەھشىي ھايۋانلاردىنمۇ قورقمايدىغان باتۇر، يۈرەكلىك ئادەم بولۇپ يېتىشىپتۇ.

## 2

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، زەھىرىددىن مۇھەممەت بابۇر ھىندىستاننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورناتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىغان بىر قىسىم كىشىلەر بابۇرنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپتۇ. بۇ گۇرۇھقا قاتناشقان بىر ھىندى يىگىتى پىداكارلىق كۆرسەتمەكچى بولۇپ، بۇ خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئاپتۇ ۋە خەنجىرنى بىلەپ، زەھەر بىلەن سۇغارغاندىن كېيىن، دېھلى شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

بابۇر شاھنىڭ پۇقراچە كىيىنىپ كىشىلەر ئارىسىدا كېزىپ يۈرىدىغان بىر ئادىتى بار ئىكەن. بۇنداق چاغلاردا ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھەر تەبىقىسىدىكى كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ھال - ئەھۋاللىشىپ، تۇرمۇش ئۆگىنىدىكەن. خەلقنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىلىشتىكى نۇقسانلارنى تۈزىتىشكە تىرىشىدىكەن.



بابۇرنىڭ بۇ ئادىتىنى ياخشى بىلىدىغان ھېلىقى يىگىت ئاۋۋال بابۇرنىڭ سىياقى، بوي - بەستى ۋە رەڭگىنى يىراقتا تۇرۇپ كۆزىتىش بىلەن ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن پۇرسەت كۈتۈپ، ئۇشتۇمتۇت ئۆلتۈرۈشنى قەستلەپ يۈرۈپتۇ. دەل شۇ پەيتتە تۇيۇقسىز رەستىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن قىيقاس - سۈرەن كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەر تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلاپتۇ. قاچىمىغانلارنى «جېنىڭنى ياقىغا ئال!» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. ھېلىقى كىشىمۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزىتىشكە باشلاپتۇ. ھايال ئۆتمەي دەھشەتلىك ئاۋازدا ھۆركىرەپ بىر شىر چىقىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقناپ، سۈر - ھەيۋىسىدىن ھەممە ئادەمنىڭ

يۈرىكى جىغىلدايدىكەن. مۆكۈپ تۇرغان بايىقى كىشىمۇ قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ. رەستىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قېچىپ، جېنىنى بىر ياققا ئالغان بولسىمۇ، بەش - ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا قاياققا قېچىشنى بىلەلمەي، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھودۇقۇپ تۇرۇپ قاپتۇ. بالىنىڭ ئانىسى پەرزەنتىنى بىللە ئېلىپ قاچالمىغانلىقى ئۈچۈن پەرياد قىلىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ كىشىلەردىن ياردەم تىلەپتۇ. بۇ بالا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە پەس ئىرق دەپ قارىلىدىغان بىر قەبىلىدىن بولغاچقا، مۇنداق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، بالىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھېچكىم خالىماپتۇ.

شىر بالىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. ئەتراپتىن چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەر نارەسىدە بالىنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە ئېگىز بويلۇق، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ھىندىلارنىڭ كىيىمىنى كىيگەن بىر ئادەم توپ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپتۇ-دە، شىر بىلەن ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. شىر بالىنى تاشلاپ، قەھر بىلەن ئۆز رەقىبىگە چاڭگال ساپتۇ. كىشىلەر بىر بالا ئۈچۈن ئۆز جېنىنى سېلىپ بەرگەن بۇ ئادەمگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشىپتۇ. شىر پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاستىدىكى ئادەمنى چەيلەشكە، چىشلەپ پارە - پارە قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ ۋە دەھشەت بىلەن ھۆركىرەپ ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ، بىر پەس ئېلىشقاندىن كېيىن شىر قاتتىق ھۆركىرەپ قانسىراپ يىقىلىپتۇ.

ھېلىقى ئادەم شىرنىڭ ئاستىدىن سالامەت چىقىپ، خاتىرجەم قىياپەتتە يۈز - قوللىرى بىلەن خەنجىرىدىكى قاننى ئېرتىشقا باشلاپتۇ. ئەتراپتىن «ئاپىرىن!» سادالىرى ياڭراپتۇ. ئۇ ئۆزى قۇتۇلدۇرۇۋالغان بالىنى قولىدىن يېتىلەپ كەلگەندە، بالىنىڭ ئانىسى خۇشاللىق ياشلىرىنى يامغۇردەك تۆكۈپتۇ. خالايىق بۇ ئەزىمەت كىشىنى تەبرىكلەپ، ئۇنىڭ غەيرەت - شىجائىتىنى ماختىشىپتۇ. بابۇرنى قەستلىگۈچى يىگىت بۇ باتۇرنى كۆرۈش ئۈچۈن يېقىن كەپتۇ-دە، بالىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغۇچىنىڭ دەل بابۇر شاھنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى تونۇۋاپتۇ. ئۇ پۈتۈن ئەزايى بوشاشقان ھالدا تىز چۆكۈپ يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ، بابۇرغا ئۇزاتقان ھالدا:

-ئۇلۇغ شاھىم، بۇ خەنجەرنى سىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىغانىدىم، مەن بۇرۇن سىزنىڭ قانداق ئىنسان ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمىگەن ۋە تونۇمىغانىكەنمەن. لېكىن سىز مەن ئويلىغاندەك يامان ئادەم ئەمەسكەنسىز، ئەكسىچە يامان ئادەم مەن بولۇپ چىقتىم. شۇڭا بۇ خەنجەر بىلەن ئەمدى مېنى ئۆلتۈرۈڭ! — دەپتۇ.

بابۇر شاھ ھەيران بولۇپ، ئۇ كىشىنى يۆلەپ ئۆرە تۇرغۇزۇپتۇ، ئەھۋالنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى سىلاپ ئۇنىڭغا مەرھەمەت كۆرسىتىپتۇ. سۇيىقەستچى يىگىت بابۇرنىڭ مەردلىكىدىن تەسىرلىنىپ:

— سىزنىڭ ئالىيجانابلىقىڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. سىزدەك ئۇلۇغ كىشىنى يوقىتىش ئەمەس، بەلكى قوغداش كېرەكلىكىنى چۈشەندىم. مەن ئەمدى يامان يولدىن قايتىپ، سىزنى جان پىدالىق بىلەن قوغدايمەن! — دەپتۇ ۋە بابۇرنىڭ ئەسكىرىي سېپىگە قوشۇلۇپ بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردا چوڭ خىزمەت كۆرسىتىپتۇ.

## 3

مىرزا بابۇر ياشلىقىدىنلا زېرەك بالا بولۇپ ئۆسۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆمەر شەيخ ساراي ئەئيانلىرى بىلەن قەسىردە ئولتۇرغانىكەن، بىر كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ ئايۋاننىڭ پەشتىقىغا قونۇپتۇ-دە، غۇقۇلداشقا باشلاپتۇ. ئۆمەر شەيخ ئەئيانلىرىغا قاراپ:

— كەپتەر نېمە دەۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇزۇندىن بېرى ئۇرۇش قىلماي قىلىچلىرى قانسىراپ قالغان ئەئيانلار:

— ئالىي ھەزرەت، كەپتەر قىلىچلارنى قىندىن سۇغارماق كېرەك دەۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

گەپكە ئارىلاشماي بىر چەتتە جىم ئولتۇرغان مىرزا بابۇر:

— ياق، كەپتەر ئۇنداق دېمەيدۇ، بوۋام قوغۇن سەيلىسىگە چاقىرىپتۇ، جانىۋار شۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ئۆمەر شەيخ كەپتەرنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. كەپتەر تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئايىغىدىكى مىس ھالقىنى ئېلىپ قاراشسا، ئىچىدىن خەت چىقىپتۇ. خەتتە «ئالىي ھەزرەت، قوغۇنلار پىشىپ قالدى، كېلىپ ئۆزلىرى قول ئۇرۇپ بەرسىلە» دېگەن خەت يېزىلغانىكەن. مىرزا بابۇرنىڭ گېپىنىڭ توغرا چىققىنىدىن ھەيرەتتە چۈشكەن ئۆمەر شەيخ ئوغلىدىن:

— مىرزىنىڭ بۇنچىلىك بىلەرمەن ۋە تاپقۇرلۇقىنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتا، — دەپتۇ بابۇر، — بۇ كەپتەرگە ئېتىبار قىلمىدىڭىز. ئۆتكەن يىلمۇ قوغۇن پىشقان خۇش خەۋەرنى دەل مانا شۇ جانىۋار خەۋەر قىلغانىدى. كەمىنىنىڭ كۆزى كەپتەرنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى قارا خالغا چۈشكەن زامانلا ئۇنى تونۇدى ۋە شۇ سۆزنى تەخمىنەن ئېيتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ياش مىرزىنىڭ ھوشيارلىقى، تاپقۇرلۇقىغا قايىل بولغان ئۆمەرشەيخ ئەئيانلىرىغا قاراپ:

— قىلىچنى ئەمەس، ئەقىل - ئىدراكنى ئىشقا سالماق لازىمدۇر. خەۋەر قىلغىلار، بارچە قوغۇنلۇققا ئاتلانسۇن! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

# 4

پەلەكنىڭ گەردىشى بىلەن مىرزا بابۇر ھىندىستان دېگەن يۇرتقا بېرىپ قېلىپ، ئۇ يەرنىڭ سۇلتانى بوپتۇ. ھىندىستان باغۋارانلىرى كۆپ، مېۋە ـ چېۋىگە باي يۇرت ئىكەن. بابۇر شاھ «مەندىن يادىكار قالسۇن» دەپ ھىندىستاننىڭ كۆركەم جايىغا بىر باغ بەرپا ئەتتۈرۈپتۇ. دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا بۇ باغقا تۈرلۈك يۇرتلاردىن كۆچەتلەر: ئالما، ئالۇچە، ئانار، ئەنجۈر، جىگدە، ياڭاق، پىستە، بادام، ئۆرۈك، ئۈزۈم، شاپتۇل، نەشپۈت، بېھى ـ خورما، گىلاس ـ ئانارلاردىن تارتىپ خىلمۇخىل گۈللەر، يىغىپ ئېيتقاندا، دۇنيادىكى بارچە مېۋىلىك دەرەخلەردىن تارتىپ، بارچە گۈللەرگە قەدەر ھەممىسىدىن ئېلىپ كېلىپ كۆكەرتىپتۇ. خەلق دۇنياغا داڭقى كەتكەن بۇ باغقا «باغى بابۇر» دەپ نام قويۇپتۇ.

ئۈزاق ئۆتمەي باغدىكى دەرەخلەر بىردىنلا ھوسۇلغا كىرىپ مېۋە بېرىپتۇكى، ئۇلارنى ھېچيەرگە سىغدۇرۇشقا بولماپتۇ. «باغى بابۇر»نىڭ چەت تەرىپى كۆكتاتلىق ئىكەن. ئۇ يەردە پىياز، سەۋزە، يېسىۋىلەك، تاۋۇز دېگەندەك نەرسىلەر بولۇپ، ئۇلارمۇ شۇنچىلىك ئوخشاپ كېتىپتۇ. بابۇر ئەسلىدە قوغۇننى ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما باغدا قوغۇن ئانچە ئوخشىماي قاپتۇ. بابۇر بىرىنچى يىلى قوغۇن تېرىتىپتۇ، بولماپتۇ، ئىككىنچى يىلى تېرىتىپتۇ، بولماپتۇ، ئۈچىنچى يىلمۇ تېرىتىپتۇ، بولماپتۇ... ئەلۋەتتە، قوغۇن چۈشمەيمۇ قالماپتۇ، بىرىنچى يىلى گۈلدەك ھوسۇل بېرىپتۇ، ئىككىنچى يىلى پىلىكى قۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۈچىنچى يىلى قوغۇن پىشماي تۇرۇپ، بىردىنلا سېسىپ كېتىپتۇ. بابۇر شاھ بولسا، قوغۇن تەلەپ قىلىپ قىلىۋېرىپتۇ. «مەرتەم ـ مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دېگەنىكەن ماشايىخلار. تۆتىنچى يىلى بابۇر:





— بۇ يىل قوغۇن
تېرىپ، ئۇنى ياخشى
ئوخشاتمىساڭلار،
ھەممىڭلارنى جازالايمەن،
— دەپتۇ قەھر - غەزەپ
بىلەن.

نېمە قىلىشنى بىلەلمەي
باغۋەنلەرنىڭ تازا بېشى
قېتىپتۇ. ئويلا - ئويلا ئاخىر
بابۇر شاھقا بىلدۈرمەي يىراق
پەرغانىدىن قوغۇن ئېلىپ كېلىپ بېرىشكە
نىيەت قىلىشىپتۇ. شۇ كۈنلەردە بابۇر شاھ
بىرنەچچە كۈنلۈك ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا باغۋەنلەرنىڭ
باشلىقمۇ ئون بىر كىشىنى يېنىغا ئېلىپ، «قەيەردە سەن پەرغانە؟» دەپ يولغا چىقىپتۇ.
كارۋان يول يۈرۈپ، يۈل يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، بىر ئاي بولاي دېگەندە ئاندىن
پەرغانىگە يېتىپ بېرىپتۇ. كارۋان ئات - ئۇلاغلارغا قوغۇن ئارتىپ، تېزلا ئارقىسىغا
يېنىپتۇ، بىر ئاي ئۆتەي دېگەندە ئاندىن ھىندىستانغا يېتىپ كەپتۇ. شۇ ئارىدا ئوۋدىن
قايتقان بابۇر شاھ باغۋەنلەرنىڭ پەرغانىگە بېرىپ كەلگىنىنى بىلمەي قاپتۇ.

بابۇر شاھ باغۋەندىن قوغۇن سوراپتۇ. قوغۇننى ئېلىپ كېلىشىپتۇ. بابۇر شاھ قوغۇننى
ھىدلاپ كۆرۈپ:

— قەيەردە چۈشكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. باغۋەن:

— «باغى بابۇر»دا چۈشكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ياق، ھىدى باشقىچە، بۇنداق ھىدلىق قوغۇن بۇ يەرلەردە چۈشمەيدۇ، پەقەت
بىر ئۆلكىدە چۈشىدۇ، خالاس. سەن مېنى ئالداۋاتىسەن! — دەپتۇ بابۇر شاھ.

— ئالدىغان بولسام، بىلگىنىڭىزنى قىلىڭ، شاھىم. بۇ قوغۇن «باغى بابۇر»دا
چۈشكەن، — دەپتۇ باغۋەن سۆزىدىن قايتماي.

بابۇر قوغۇننى ھىدلا - ھىدلا يۇرتىغا مەست بولۇپ، ئۇنى تىلىمىلماقچى بوپتۇ.
قوغۇن پىچاق تېگەر - تەگمەس پاراسلاپ يېرىلىپ كېتىپتۇ.

بابۇر شاھ باغۋەنگە قاراپ:

— يالغان ئېيتىپسەن، قوغۇننى قەيەردىن كەلتۈرگىنىڭنى ئوچۇق - ئايدىڭ ئېيت!
پىچاق تېگەر - تەگمەي يېرىلىپ ئېتىلىپ كېتىدىغان قوغۇن پەقەت مەن بىلگەن
ئۆلكىدىلا چۈشىدۇ. سەن مېنىڭ سوئالىمغىمۇ توغرا جاۋاب بەرمىدىڭ، قەھرىمنىڭ

قاتتىقلىقىدىن قورقامسەن؟ — دەپتۇ.

— ئالىي ھەزرەت، ئالدىسام، بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلىڭ، مەيلى مەن رازىمەن. سىز كۆرۈپ تۇرغان قوغۇن «باغى بابۇر»دا چۈشكەن، — دەپتۇ باغۋەن يەنە بىلمىگەن بولۇپ. ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دەپتۇ-يۇ، ئەمما ئىچىدە «بابۇرشاھ قېنى پالىزىنى كۆرسەت» دەپ قالسا، ھالىم نېمە بولاركىن؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ.

بابۇر بۇنى سېزىپتۇ، ئەمما ئۆزىنى بىلمىگەنگە سېپتۇ. بابۇر شاھ قوغۇننى تىلىپ، بىر تىلىم ئاپتۇ - دە، ئۇنى يېيىشكە باشلاپتۇ. قوغۇن شېرىنلىكىدىن تىلنى يارارمىش. بابۇر شاھ بىر تىلىم قوغۇننى يەپ بولۇپ، باغۋەنگە قاراپ:

— ياق، سەن مېنى ئالداپسەن. بۇنداق شېرىن، تىلنى يارىدىغان قوغۇن بۇ يەرلەردە چۈشمەيدۇ. باشقا جايدىن كەلتۈرۈپسەن. توغرىسىنى ئېيتساڭ، گۇناھىڭنى كەچۈرىمەن، ناۋادا مېنى يەنە ئالداپ يالغان گەپ قىلىدىغان بولساڭ، بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن! — دەپتۇ.

شائىر ۋە ئەقىللىك بابۇر شاھنى ئالدىغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن باغۋەن راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ:

— پەرغانە ۋىلايىتىدىن كەلتۈردۈق، — دەپتۇ ئۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — راست ئېيتتىڭىز، شاھىم. بۇنداق قوغۇن سىز ئېيتقاندەك، پەقەت ئاشۇ تەرەپلەردىلا چۈشىدۇ. شېكەر سۈيى قوغۇن دېگەن شۇ...

باغۋەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بابۇر شاھنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يىغلاپ سېلىشقا ئاران قاپتۇ. باغۋەن:

— شاھىم، قوغۇننى قەيەردىن ئېلىپ كەلگىنىمنى سوراپ بىلىۋالدىڭىز، ئەمدى مېنى نېمە قىلسىڭىز، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە. ئەمما، ئۆلۈمۈم ئالدىدا مەنمۇ سىزدىن بىر سوئالىمغا جاۋاب بېرىشىڭىزنى تىلەيمەن! — دەپتۇ. بابۇر شاھ:

— قېنى، سورا سوئالىڭنى، — دېگەنىكەن، باغۋەن:

— قوغۇننىڭ بۇ يەردە چۈشمىگەنلىكىنى قانداق بىلدىڭىز؟ — دەپتۇ.

— ھىدى، پىچاق تېگەر - تەگمەي يېرىلىپ كەتكىنى ۋە تىلنى يارغۇدەك شېرىنلىكىدىن ئۇنىڭ ئۆز يۇرتۇمنىڭ قوغۇنى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. رەھمەتلىك ئاتامنىڭ بېغىدىكى پىلەزلىكتە مانا شۇنداق شېكەر سۈيى قوغۇن كۆپ چۈشەتتى. يىراق ھىندى يۇرتىدا تۇرۇپ، يۇرتۇمنىڭ شېكەر سۈيى بىلەن سۇغارغىنىڭ ئۇچۇن گۇناھكار بولماستىن، ئەكسىچە ئىنئام - ئېھسانغا لايىقسەن! — دەپتۇ بابۇر شاھ باغۋەنگە رەھمەت ئېيتىپ ۋە لاۋازىملارغا ئۇنىڭغا ھەدىيە بېرىشنى بۇيرۇغاندىن كېيىن مۇنۇ رۇبائىينى ئوقۇپتۇ:

تالي يوقكم جانمگه بەلالىغ بولدى،
هەر ئىشنى قىلدىمكى، خەتالىغ بولدى.
ئۆز يۇرتنى قويۇپ، هىند سارى يۈزلەندىم،
يا رەب، نېتەيىن، نې يۈز قەرالىغ بولدى.

## 5

قەدىمكى زاماندا ئاخسىكەنت يۇرتىنىڭ پادىشاھى ئۆمەر شەيخ ئىدى. ئۇنىڭ مىرزا بابۇر ئىسىملىك بەك ئەقىل - پاراسەتلىك بىر پەرزەنتى بار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆمەر شەيخ مۇتالىئە قىلىپ ئولتۇرسا، ياساۋۇل بېشى پۇت - قولى باغلانغان بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنى سۆرەپ ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاپتۇ. ئۆمەر شەيخ كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەي:

— بۇ بەندەئىي ئاسىيلارنىڭ گۇناھى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ چاغدا ياساۋۇل بېشى:

— بۇ يارىماسلار ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ كەپتەرلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆگىتىۋالمەن، دەپ قاراپ تۇرۇپتۇ، گۇناھى شۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

كەپتەرگە ناھايىتى ئىشقىۋاز ئۆمەر شەيخ قانداق ئولتۇرغان بولسا، شۇ ھالەتتە، يەنى بېشىنى كىتابتىن كۆتۈرمەستىن:

— ئۇنداق بولسا، ئۇلار بېشىنى ئېلىپ... — دېيىشىگە تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يۆتىلى تۇتۇپ قېلىپ، سۆزىنى تۈگىتەلمەپتۇ. ۋەزىر ياساۋۇل بېشىغا قاراپ «ئۇلارنى تېز بۇ يەردىن يوقات» دېگەن مەنىدە ئىشارە قىپتۇ. ياساۋۇل بېشى يىگىت بىلەن قىزنى تۈرتۈپ - دۈشكەلەپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بىر چەتتە يېزىش - ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان مىرزا بابۇر ياساۋۇل بېشىنىڭ ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ تەڭ سىرتقا چىقىپتۇ. قارىسا جاللاتلار ھېلىقى يىگىت بىلەن قىزنىڭ:

— بىزنىڭ ھېچقانداق گۇناھىمىز يوق، ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ كەپتەرلىرى ئاسمانۇ پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ چۇشۇۋاتقان ئىكەن، ئاشۇنى تاماشا قىلدۇق، خالاس. كەپتەر ئويۇننى تاماشا قىلدۇق، خالاس. كەپتەر ئويۇننى تاماشا قىلىشمۇ گۇناھمۇ؟ ياش جېنىمىزغا رەھىم قىلغايلار! — دەپ يىلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماي، ئۇلارنىڭ بېشىنى كۆتەككە بېسىۋاتقۇدەك. شۇندا مىرزا بابۇر ياساۋۇل بېشىغا قاراپ:

— توختاڭلار، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەڭلار! — دەپ توۋلاپتۇ، — ئاتام ئۇلارنىڭ بېشىنى ئېلىڭلار دېمىدىغۇ؟ — دەپتۇ. ياساۋۇل بېشى:

— ئۇنداقتا پەدەرى بۇزرۇكۋارلىرى بۇ يارىماسلارنى قانداق قىلسۇن، دەپ بۇيرۇدى؟ — دەپتۇ بىر خىل كىبىر بىلەن.

— ئالىي ھەزرەتلىرى ئۇلارنى بۇ يۇرتتىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتسۇن، دەپ بۇيرۇماقچى ئىدى. ئەپسۇسكى، بىردىن يۆتەل تۇتۇپ قېلىپ، گەپلىرىنى ئاخىرلاشتۇرالماي قالدى. مۇبادا، ياساۋۇل بېشى سۆزۈمگە ئىشەنمىسە، ئۆزلىرى ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىغا كىرسۇن-دە، سوراپ بىلىپ چىقسۇن. بارچە ئەئيانلار چۈشىنىپ تۇرغان ئۇ سۆزنى ئۇ كىشىنىڭ ئەڭ ئىشەنگەن ئادەملىرىدىن بولمىش ياساۋۇل بېشىنىڭ ئىلغىيالمىغىنىغا ھەيرانمەن، — دەپتۇ مىرزا بابۇرمۇ كىبىرگە كىبىر بىلەن.

پادىشاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى بىلەن تارتىشىپ ئولتۇرۇشتىن نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى بىلگەن ياساۋۇل بېشى جاللاتلىرىغا قاراپ:

— قەتلنى توختىتىپ تۇر، — دەپ ئۆمەر شەيخنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ ۋە شاھقا:

— سۆيۈملۈك ياش مىرزىمىز كەپتەر ئوغرىسى بولغان گۇناھكارلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشقا يول قويمىدى، — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ ئۆمەر شەيخ.

— پەدەرى بۇزرۇكۋارىم بۇ كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئېلىڭلار، دەپ بۇيرىماقچى ئەمەس ئىدى. ئۇلار باشلىرىنى ئېلىپ بۇ يۇرتتىن ئۆزگە يۇرتقا چىقىپ كەتسۇن، دېمەكچى ئىدى. يۆتىلى تۇتۇپ قالغاچقا، گېپىنى تولۇق دېيەلمەي قالدى. شۇڭا بۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار، دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ياساۋۇل بېشى.

ئۆمەر شەيخ بابۇرنى چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن گۇناھكارلارنى ھىمايە قىلىشىنىڭ سەۋەبى سوراپتۇ.

— مەن گۇناھكار دەپ تۇتۇلغان يىگىت بىلەن قىزنىڭ بىرەرسىنىمۇ تونۇمايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بابۇر ئاتىسىغا، — دېمەك، ئۇلارنى ھىمايە قىلىشىم تونۇش - بىلىشلىكىم سەۋەبلىك ئەمەس. مەن ئالەمپاناھنىڭ سۆزلىرىنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايمەن. ئاخىر، پەدەرى بۇزرۇكۋارىم «كەپتەر ئويۇننى تاماشا قىلىۋاتقان بۇ باللار يۇرتتىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتسۇن» دېمەكچى ئىدىلە، يۆتەللىرى تۇتۇپ قېلىپ، گەپلىرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزەلمىدىلە.

ئۆمەر شەيخ ساراي ئەھلى ئالدىدا ئورنۇمغا پادىشاھ بولدۇ، دەپ يۈرگەن پەرزەنتىنىڭ سۆزىنى يالغانغا چىقىرىشنى خالىماي:

— مىرزا ھەق گەپنى ئېيتىپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ بېشىنى ئېلىڭلار، دېيىشنى

خىيالىمغىمۇ كەلتۈرگەن ئەمەسمەن، — دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ سۆزى ھەق، ئەمرى ۋاجىپ. گۇناھكار دەپ تۇتۇلغان يىگىت بىلەن قىزنى بوشىتىپ، يۇرتتىن قوغلاندى قىلىش ھەققىدە پەرمانىي ئالىي ئاپتۇ.

كىشىلەر مىرزا بابۇرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئېيتىشىپتۇ. يىگىت بىلەن قىزمۇ قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈن مىرزا بابۇرغا مىننەتدارچىلىق بىلدۈرمەكچى بولغانىكەن، شاھزادە:

— رەھمەت ئېيتماققا تېخى بالدۇر. جەننەت مىسال يۇرتتىن سۈرگۈن بولماقتىن ئارتۇق ئازاب بولماس. مەن ئىلاج قىلىپ، ئاتامنىڭ بۇ پەرمانىنىمۇ بىكار قىلدۇرىمەن، سىلەرنىڭ ئانا يۇرتتىن سۈرگۈن بولماسلىقىڭلارنىڭ چارىسىنى كۆرىمەن، — دەپتۇ.



ئۈچەيلەن، يەنى بابۇر، يىگىت بىلەن قىز ئاكا - ئۇكا بولۇشۇپ، مەسلىھەتنى بىر قىلىشىپتۇ. قىز بابۇرنىڭ مەسلىھەتىگە ئاساسەن شەھەردە قاپتۇ. يىگىت سەمەرقەنتكە جۆنەپ كېتىپتۇ ۋە سەمەرقەنتكە يېتىپ بېرىپ، ئۆمەر شەيخنىڭ مەشھۇر قۇشچى دوستىنىڭكىگە چۈشۈپتۇ ھەم ئۇنىڭغا مىرزا بابۇرنىڭ ئاتىسىدىن يوشۇرۇنچە يېزىپ بەرگەن خېتىنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ قۇشچى:

— كەل، ئىككى ئوغلۇم ئۈچ بولدى، — دەپ قوبۇل قىپتۇ. ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي ھېلىقى يىگىت «زىياد قۇشچى» دەپ نام چىقىرىپتۇ. بۇ گەپ ئۆمەر شەيخنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ:

— سەمەرقەنتلىك زىياد قۇشچىنى تېپىپ كېلىپ، ماڭا كۆرسىتىڭلار، — دەپ ئەمر قىپتۇ.

ئەللامىلەر «پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ» دېگىنىدە، ئۆمەر شەيخنىڭ بۇ بۇيرۇقىمۇ تېزلا ئورۇنلىنىپتۇ. ئۆمەر شەيخ قاي كۆز بىلەن كۆرسۇنكى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق قارىشى بىلەن يېقىندىلا «كەپتەر ئوغرىسى» دەپ گۇناھكار قىلىنغان يىگىت تۇرغۇدەك.

— ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەن مەشھۇر قۇشچى ئىكەنسەن، كەپتەرلىرىڭمۇ ئوتتۇز ئىككى ھۈنەر كۆرسىتەرمىش. بۇنىڭغا قانداق قىلىپ ئېرىشتىڭ؟ بۇنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىنى بىزگىمۇ ئۆگەت! — دەپتۇ ئۆمەر شەيخ.

— بۇ كىچىكلىكىمدىن تارتىپ قۇشلارغا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ نەتىجىسىدۇر. مەن بالىلىقتا كەپتەر ۋە باشقا قۇشلار ئارىسىدا ئۆسكەنمەن. ئاتاممۇ كەپتەرۋاز ئىدى. ئەمما، قۇشلارغا بولغان ئىشقىۋازلىقىم تاس قالدى بېشىمغا چىققىلى، — دەپ ياساۋۇل بېشى بىلەن بولغان ۋەقەلەرنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن، — ھېلىمۇ ياخشى بەختىمىزگە سىزنىڭ ئوغلىڭىز مىرزا بابۇر بار ئىكەن. شاھزادىنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەرھەمەتلىرى بىلەن جالالاتنىڭ قىلىچىدىن ئامان قالدۇق، — دەپ ھېكايىسىنى تۈگىتىپتۇ زىيات قۇشچى.

بۇ چاغدا ئۆمەر شەيخ ياساۋۇل بېشىنىڭ قىلمىشلىرىدىن خىجىل بولۇپ:

— يېنىمدا قېلىپ، مېنىڭ قۇشلىرىمغا قارا، ھەققىڭنى ياخشى بېرىمەن، — دەپتۇ.

— ئىككى شەرتىم بار، شۇلارنى بېجىرسىڭىز قالسام قالاي، — دەپتۇ زىياد قۇشچى.

— شەرتلىرىڭنى ئېيت، — دەپتۇ ئۆمەر شەيخ.

— شەرتىمنىڭ بىرى، ئەل ئوتتۇرىسىدا «زىياد قۇشچى ئوغرى ئەمەس، توغرى» دەپ جار سالدۇرسىز، ئىككىنچى شەرتىم، بىزلەرنى يۇرتتىن سۈرگۈن قىلدۇرغان پەرمانىڭىزنى بىكار قىلدۇرسىز.

شۇنداق قىلىپ ئۆمەر شەيخ شاھزادە بابۇرنىڭ دانا مەسلىھەتلىرى بىلەن ساق - ئامان قالغان زىياد قۇشچى خوتۇنى بىلەن تېپىشىپ، ئۆمەر شەيخنىڭ قۇشلىرىغا قاراشقا باشلاپتۇ. بابۇر بىلەن بىر ئۆمۈر ئاكا - ئۇكا بولۇپ ئۆتۈپتۇ.



# 6

بىر چاغدا ھىندىستاننىڭ پادشاھى پەرغانىلىك مىرزا بابۇر ئىدى. ئۇ شاھنشاھ بولۇپلا قالماي، بەلكى كىتاب يازىدىغان ئالىم، غەزەل يازىدىغان شائىر ئىدى. بۇ شاھ ھىندىستاندىكى ئەڭ گۈزەل، ھاۋالىق جايغا بىر باغ بىنا قىپتۇ. بۇ باغدا پات - پات بەزمە - مەشرەپ تۈزۈلۈپ، ھەربىر بەزمىگە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن شائىرلار، ئالىملار، سازەندىلەر، ناخشىچى ۋە ئۇسسۇلچىلار قاتنىشىپ، كەچقۇرۇن باشلانسا تاكى تاڭ ئاتارغىچە داۋام قىلىدىكەن. شۇنداق بەزمىلەرنىڭ بىرىدە بابۇر شاھنىڭ ئۆزى غەزەل ئوقۇپ، مېھمانلارنى خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرۈپتۇ. بەزمە ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا، ياش بىر شائىر بابۇر شاھقا قاراپ تەزىم - تەۋەززۇ بىلەن:

— ئۇستاز، سىز غەزەل بىلەن قىلىچنىڭ كۈچىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن سۇلتانلارنىڭ سۇلتانى-يۇ، شائىرلارنىڭ مەلىكۇل شائىرىسىز. بىر مەسىلىدە تارتىشىپ قالدۇق، شۇنى ھەل قىلىپ بەرسىڭىز، — دېدى. بابۇر شاھ:

— مەيلى، سورا، — دەپتۇ.

— قېنى ئېيتىڭچۇ، قىلىچ كۈچلۈكمۇ ياكى غەزەل كۈچلۈكمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ياش شائىر. ھەممە بىردىن كۈلۈپ تاشلاپتۇ. ئولتۇرغانلاردىن بىرى كۈلكىدىن ئاران توختاپ:

— ئەلۋەتتە قىلىچ-تە، ئۇكا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ياق، خاتا دېدىڭ! — دەپتۇ بابۇر شاھ ئۇنىڭغا قاراپ، — ھەر ئىككىلىسىلا بىر - بىرىدىن قېلىشمايدۇ.

پادىشاھنىڭ سۆزىدىن دادىللاشقان شائىر:

— دەھشەتبەگنىڭ ئېيتىشىچە، قىلىچ ھەممە نەرسىدىن كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك ئىمىش، ئۇنىڭچە غەزەل شۇنچىكى قۇرۇق بىر گەپ، ھېچ نەرسىگە كۈچى يەتمەسمىش، — دېگەنىكەن، بابۇر شاھ:

— دەھشەتبەگ ئەخمىقانە سۆزلەپتۇ. غەزەلمۇ، قىلىچمۇ قۇدرەت ۋە كۈچتە ئۆز جايى ۋە ۋاقتىدا بىر - بىرىدىن قېلىشمايدۇ. بەزى ھاللاردا غەزەل ھەتتا قىلىچتىن ئۇستۇنرەك ئېرۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇدۇركى، ئورنى كەلگەندە غەزەلنىڭ كۈچىنى ھېچقانداق قىلىچ باسالمايدۇ. كەمىنە بۇنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەنمەن. مانا قۇلاق سېلىڭلار.

بابۇر شاھ شۇنداق دەپتۇ-دە، بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان نەۋقىران چېغىم ئىدى، كامان بىلەن ئۇچار قۇشنى،

قىلىچ بىلەن دىۋىنى، تۇلپار بىلەن تاغ چوققىسىنى بويسۇندۇرالايتتىم. رەقىبتىن قورقۇش، ئۈرۈش - جەڭ ئالدىدا ئازراق بولسىمۇ ۋەھىمىگە چۈشۈش ياكى دۈشمىنىم غالىپ كەلسە، ئۆلۈمدىن قورقۇش ئادىتى مەندە بالىلىقتىن باشلاپ يوق ئىدى. سەپەر ۋاقتىدىمۇ، شىكار پەيتىدىمۇ ھامان ئۆزۈمنى ئوتقا ئۇرۇپ، سۇغا تاشلايتتىم. بىر قېتىم ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندىم. يولۇم چۆلىمالىققا تۇتىشىپ قالدى، شۇ يەردە نورۇزنى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن سەپەرنى داۋام قىلىشنى ئەمر قىلدىم.

چۆلمەلىكتە قاراقچى، يول توسارلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ كارۋانلارنىڭ يولىنى توسۇپ، بۇلايدىغانلىقىنى، ئادەملەرنى قۇلغا ئوخشاش سېتىۋېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ كاساپەتلەر بىزگىمۇ يولۇقتى، ئىككى ئارىدا قاتتىق جەڭ سادىر بولدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدىم ھەم ئەسىرگە ئېلىنغانلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئاي يۈزلۈك ھۆرلىقانى كۆرۈپ قالدىم. بۇ قاراقچىلارنىڭ باغداتتىن ئېلىپ قاچقان ئولجىسى ئىكەن. بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئەسىر - مەپتۇن بولۇپ قالدىم.

ئەمرىم بىلەن سەنەم ئالاھىدە قوغدىلىدىغان ئوتاققا ئۆتكۈزۈلدى. ماڭا لۇتۇپ - كەرەم قىلىشنى ئېيتتىم. يېلىنىپ، يالۋۇردۇم. دوق - پوپوزا قىلدىم، قىلىچ شىلتىدىم. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچبىرى كار قىلمىدى. ئۇ نە قورققاي، نە ۋەھىمىگە چۈشكەي، دەيسەلەر. ئەكسىچە دوق - پوپوزىلارنى قىلچە پىسەنتىگە ئالماستىن تۇردى. ئۇ قولىغا خەنجەرنى ئېلىۋېلىپ، كىم چېدىرغا باستۇرۇپ كىرسە، ئۆزىنىڭ كۆكسىگە سالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قانداق قىلىشنى بىلمەي بېشىم قاتتى. شۇ چاغدا سەپەر ۋە جەڭ - جېدەللەردە ماڭا رەھنەما بولغان ئۇستازىمغا مەسلىھەت سالدىم. «بىر قېتىم شەھەر ئالغانىنى كۆردۇققۇ! سەن شائىرسەن، سەنەمگە بولغان ئاشىق - بىقارارلىقىڭنى نەزم قىلىپ تىزغىن-دە، ئۇنىڭغا كۆرسەت. بەلكىم، كۆڭۈل مۈلكىنىڭ كۆرۈنمەس سۇلتانى غەزەل ئۇز كۈچىنى كۆرسىتىپ، باغرى تاش سەنەمنى ئېرىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ يول كۆرسەتتى ئۇ.

مەن غەزەل يازدىم. سەپەردە ھەمراھلىق قىلغۇچى سازەندىلەر ئاھاڭغا سېلىپ، سەنەمنىڭ چېدىرى يېنىدا ئۇنى ئوقۇدى. غەزەللىرىم بۇلبۇلنى رام ئەيلەپ، مەست قىلدى، چۆل تورغيىنى چۇۋۇلداتتى. غەزەل سېھرىدىن كىشىلەر ئۆزلىرىنى قويارغا جاي تاپالماي قالدى. ئۇ غەزەلدە مۇنداق مىسرالار بار ئىدى:

سەن گۈلسەنئۇ، مەن ھەقىر، بۇلبۇلدۇرمەن،
سەن شولىسەنئۇ، ئول شولىغا مەن قۇلدۇرمەن.
نىسبەت يوقتۇر دەپ ئىجتىناپ ئەيلىمەكىم،
شاھمەن ئەلگە، لېكىن ساڭا قۇلدۇرمەن.

كۇنۇم شۇ تەرزدە ئۆتۈۋەردى. سەنەم چېدىر ئىچىدە ھېچكىمنى يېنىغا يولاتماي، خىيال سۈرگىنى سۈرگەندى. بىز بولساق، مەن غەزەل يازماقتىن، ناخشىچىلار ئۇنى ئېيتماقتىن چارچىمايتتۇق. سەنەم بولسا غەزەپ ئېيتىدىن ئەسلا چۈشمىدى. ئىككى كۈن ئۆتتى، سەنەم نە سۆز قىلغاي، نە قارىسىنى كۆرسەتكەي! ئارىدىن بىر ھەپتىمۇ ئۆتتى. ئۇستازىم ئېيتقاندەك غەزەل ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. سەنەمنىڭ قەھر - غەزەپكە تولغان كۆرۈنۈشى كىمياگەرلەر تاشنى ئېرىتكەندەك ئېرىتتى. ئاچقاچ خوتۇندىن مېنى چىللىتىپ قالدى. يېنىغا كىردىم. سەنەم ئۆزگە كېلىپ، شۇنچىلىك ئېچىلىپ كەتتىكى، بىر ھۆسنگە ئون ھۆسن قوشۇلۇپتۇ. تۈن قارىسىدەك چاچلىرى يەنىمۇ قويۇقلىشىپ، قويۇق كىرپىكلىرى ھىلال كەبى قاشلىرى بىلەن تۇتىشىپ، چىرمىشىپ كېتىپتۇ. مەڭىزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى ئاھۇنى خىجالەتكە سالغۇدەك بولۇپتۇ.

— غەزەلنى كىم يازدى؟ — دەپ سورىدى سەنەم.

— مەن، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

— سىز؟ — تەئەججۇپلەنگەن بولدى سەنەم.

مەن ئاڭا شائىرلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن شۇ زامانلا قولۇمغا قەلەم بىلەن قەغەز ئېلىپ، غەزەل يېزىپ، ئۇنى ئوقۇپ بەردىم.

— ياخشى يېزىپسىز، ياخشى ئادەم غەزەل يازىدۇ. سىزمۇ غەزەل يازىدىكەنسىز، — دېمەك، قەھرىڭىز زەھەر ئەمەس، باغرىڭىز تاش ئەمەس. مېنى غەزەللىرىڭىز شاد قىلدى. «غەزەل — كىشىنىڭ يارىسىنى ساقايتىپ، دەردىنى يەڭگىللەشتۈرىدۇ. ياخشى غەزەل قۇياشتەك ئىللىتىپ، تۈنۈڭنى يورۇق قىلىدۇ» دەيتتى ئاتام. رەھمەتلىكمۇ غەزەل يازاتتى. يارىماسلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى. سىز ئۆز غەزەللىرىڭىز بىلەن ئاتامنى يادىمغا كەلتۈردىڭىز. ئۆلۈك تېنىمگە جان ئاتا قىلدىڭىز. سىز ئۇتتىڭىز، مەن سىزنىڭكى بولدۇم، — دېدى.

مەن شۇ غەزەلنىڭ ھېسابىغا ئۆيلەندىم. چۈشەندىڭمۇ، غەزەل دوق - پوپوزىدىن، قورال - ياراغدىنمۇ ئۈستۈن ئىكەن. غەزەل ھەرگىز يېڭىلمىگەن، ئۆزگە ئۆلۈمنىڭ يۈزلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، نە قەھرى - غەزەپلىك قاراقچىلارغا، نە مەندەك سۇلتانغىمۇ بويسۇنمىغان ئاساۋ پەرىزاتنىڭ قەلبىنىمۇ ئېرىتىپ تاشلىدى.

دېمەك، غەزەلدىن قىلىچ ئۈستۈن دېگۈچىلەر قاتتىق يېڭىلىشىدۇ، قىلىچنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭىدىن كۆرە غەزەلنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى كۆپرەك ئاڭلىسۇن كىشى!

ئابدۇللا خەراباتى:

# كىم ئۇنۇتۇغاق

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئابدۇللا خەراباتى سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ، مىڭ تىللانى بىر دۇكانچى تونۇشىغا ئامانەت قويۇپ كېتىپتۇ. بىرقانچە ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ تونۇشىدىن مىڭ تىللانى سوراپتۇ، لېكىن ئامانەت ئالغۇچى تېنىۋاپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن خەراباتى جېدەللىشىپ قاپتۇ. ئادەملەر توپلىشىپ، خەراباتىغا نەسھەت قىلىپ:

— بۇ ئادەم ئىنتايىن ئىنسابلىق، ئەگەر سىزدىن مىڭ تىللا ئالغان بولسا، ھەرگىزمۇ تېنىۋالمىغان بولاتتى، — دېيىشىپتۇ. بەزىلەر:

— ئەگەر يەنە جېدەللەشسىلە، ئۆزلىرى زىيان تارتىدىلا، — دەپ ئابدۇللا خەراباتىنى قورقۇتۇپتۇ.



ئابدۇللا خەراباتى نائىلاجلىقتىن ئۆز ئەھۋالىنى يېزىپ ھاكىمغا سۇنۇپتۇ. ھاكىم ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

— سىز ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدا ئۈچ كۈن ئولتۇرۇڭ، ئۆتىنچى كۈنى مەن شۇ جايدىن ئۆتۈپ سىزگە سالام قىلىمەن، سىز گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋېرىڭ. مەن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يۇللىرىڭىزنى تەلەپ قىلىڭ، ئۇ نېمە دېسە، دەرھال كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلىڭ، — دەپتۇ.

ئابدۇللا خەراباتى پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە ئامانەت ئالغۇچىنىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئۈچ كۈن ئولتۇرغانىكەن، ئۆتىنچى كۈنى ھاكىم ناھايىتى ھەيۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئابدۇللا خەراباتىنى كۆرۈپتۇ-دە، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى

تارتىپ بۇرۇلۇپ دانىشمەنگە ھۆرمەت بىلەن سالام بېرىپتۇ ۋە:

— ئەي ئۇستازىم، كەچ كىرگەندە مېنىڭ قېشىمغا بېرىڭ، قانداق دەرد ـ ئەھۋالىڭىز بولسا، ماڭا ئېيتىڭ، — دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئابدۇللا خەراباتى كېلىشكىنى بويىچە بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپلا جايىدا ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. ئامانەتكار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ، ئابدۇللا خەراباتىغا:

— ئەي تەقسىر، ئۆتكەن ئىشلارنى ماڭا قايتىدىن يەنە بىر سۆزلەپ بەرسىلە. ماڭا ئامانەتنى بەرگەندە كىم بار ئىدى؟ قەيەردە بەرگەنىدىلە؟ ئېھتىمال ئۇنتۇپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن، — دەپ يېلىنىپتۇ.

ئابدۇللا خەراباتى مىڭ تىللانى ئامانەت بېرىش جەريانىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئامانەت ئالغۇچى:

— ھە راست، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ھەقىقەتەن سىلە ماڭا مىڭ تىللا ئامانەت بەرگەنىدىلە، — دەپ ئابدۇللا خەراباتىغا مىڭ تىللانى بېرىپ، ئۆستىلەپ كۆپ ئەپۇ سوراپتۇ.

مەشرەپ:

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

مەشرەپنىڭ ئەمدىلا يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن چاغلىرى ئىكەن. نەپسقۇل ئاتلىق بىر نائەھلى مەشرەپنىڭ ئۆيى بىلەن مەسچىتنىڭ ئارىسىغا قىستاپ ئۆزىگە قورۇ ـ جاي سېلىۋاپتۇ. چوڭ ئۆيىنىڭ بىر بۇرجىكى خۇددى ئىگىسىنىڭ گېلىدىكى پوقاقتەك بۆرتۈپ چىقىپ تۇرغاچقا، ئەسلىدىكى تار يول تېخىمۇ تارلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ تار كوچىدىن كۆپ كىشىلەر ئۆتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن نائەھلىنىڭ كۆكەرمىلىكىدىن قورقۇپ غىڭ قىلىشالماپتۇ. ئاخىر مەشرەپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ:

— جامائەت يولىنى ئىگىلىۋېلىش مۇسۇلمانلىق جۈملىسىدىن ئەمەس، بۇ قىلىقىڭىز زادىلا قاملاشمىدى...

— نېمە دېدىڭ قول بەچچە؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ نەپسقۇل، — يەنە بىر دېگىنە، شۇنچە خەق پاتقان يولغا سەن قەلەندەر پاتماي قالدىڭمۇ؟

— مەنغۇ پاتارمەن، لېكىن ئات ـ ئۇلاغ، ھارۋا ـ مەپىلەر ئۆتۈپ قالسا

پاتمايدۇ-دە! — دەپتۇ مەشرەپ.

— مۇنۇ يالاڭ ئاياغ تالپىنىڭ كېپىگە قاراڭلار، ۋاي قوۋۇرغامەي، سېنىڭ ئۆيۈڭگە هارۋا - مەپە ئۆتەتتىمۇ؟ — دەپتۇ نەپسقۇل زەهەرخەندىلىك بىلەن.

مەشرەپ ئۇنىڭ گەپلىرىگە مەڭدەپ قالماي:

— بۇ يولدىن هارۋا ئۆتمەمدىكەن؟ مەن مەپىگە ئولتۇرسام بولمامدىكەن؟ ئەگەر هارۋا - مەپە ئۆتۈپ قالسا قانداق قىلسەن، نەپسقۇل ئاكا؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ.

— ئەگەر سەن مەپىگە ئولتۇرۇپ ئۆتمەكچى بولساڭ، ئۆيۈمنى چېقىپ يولنى كېڭەيتتۈرۈپ بېرىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ لېكىن سەن جۇلدۇر كېيىن ئاۋۋال بىر پۇتۇڭغا كەش تاپ، ئاندىن مەپىگە ئولتۇرۇپ چۈش كۆرگىن! — دەپتۇ نەپسقۇل مەسخىرە بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مەشرەپ.

— ئىشەنمىسەڭ تىلخەت بېرەيمۇ؟ قېنى هۆججەتنى ياز، ئۇڭ قولۇمنىڭ باش بارمىقىنى بېسىپ بېرىمەن! — دەپ كۆرۈڭلەپتۇ نەپسقۇل.

هۆججەت بىردەمدىلا يېزىلىپ بوپتۇ، نەپسقۇل باش بارمىقىنى بېسىپتۇ. لېكىن ئۇ شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ ئۆيىنى چېقىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ. چۈنكى ئۇ يالاڭتۆش بىر تالپىنىڭ ئۆيىگە مەپە ئۆتسە، كۈن مەشرىقتىن ئەمەس، مەغرىبتىن چىقىدۇ دەپ ئويلايدىكەن...

شۇ كۈنلەردە ياش بابا رەهىمنىڭ ئاجايىپ هېكمەتلىرى، سىرلىق سۆز - هەرىكەتلىرى ئاستا - ئاستا ئەل ئىچىگە تارىلىشقا باشلىغانىكەن، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك هېكمەتلىرىدىن تەئەججۈپلەنگەن ئىلىم سۆيەر نەمانگان هاكىمى مەشرەپ بىلەن هەمسۆهبەتتە بولماقنى ئارزۇ قىلىپ، چىللاپ كېلىشكە ئاتلىق چاپار ئەۋەتىپتۇ، لېكىن مەشرەپ ياياق بېرىشنى رەت قىپتۇ. هاكىم ئىككىنچى قېتىم كۆمۈش ئېگەرلىك ئارغىماق ئەۋەتىپتۇ، مەشرەپ يەنىلا رەت قىپتۇ. هاكىم ئۈچىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ تەتىللا سايىۋەنلىك مەپىسىنى ئەۋەتىپتۇ. بىراق بۇ مەپە نەپسقۇلنىڭ پوقاقتەك بۆرتۈپ چىققان ئۆيىنىڭ دوقمۇشىدىن پاتماپتۇ. چىللاققا كەلگەن خىزمەتكار ئاشۇ يەرگىچە پىيادە بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانىكەن، مەشرەپ مەپە ئىشكى ئالدىغا كەلمىگۈچە ئۆيدىن چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، نەپسقۇل بەرگەن هېلىقى تىلخەتنى هاكىمنىڭ خىزمەتكارىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

ئاردىن بىر ئاش پىشىم هايال ئۆتمەي مەپە دېگەندەكلا مەشرەپنىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. مەشرەپ تەتىللا سايىۋەنلىك مەپىدە گىدىيىپ ئولتۇرۇپ هاكىمنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ تار كوچىدىن ئۆتۈۋېتىپ قارىسا،

نەپسقۇلنىڭ پوقاقتەك بۆرتۈپ چىقىپ يولنى توسۇپ تۇرغان ھېلىقى ئۆيىنىڭ ئىز - نىشانىمۇ قالمىغانىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ كوچىدا ھارۋا - مەپىلەر بىمالال قاتنايدىغان بولۇپتۇ.

مەشرەپ ھەققىدىكى يەنە بىر ھېكايەتتە ئېيتىلىشىچە، مەشرەپ ياشلىقىدا بىر شەيخنىڭ قولىدا خىزمەتكار بولۇپ ئىشلەيدىكەن. شەيخنىڭ ئارام بەرمەي ئىشلىتىۋېرىشى، يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى توقۇپ چىقىپ، تۆھمەت قىلىشى شائىرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپتۇ. بىر كۈنى شائىر شەيختىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئويلاپ، تۆۋەندىكى ھەجۋىينى يېزىپتۇ:

ھەر كېچە تاڭ ئاتقۇچە ئاچ ئىت كەبى ئوۋلار، كۆرۈڭ،
بەس، تاماگەرلىك بىلەن تائەت قىلار ھەييار شەيخ.
نەپس ئۈچۈن كۆر، لەنەتلەر ئىچرە رەسۋادۇر ئۆزى،
دىن - ئىماننى مال ئۈچۈن ساتقاي يەنە مەككار شەيخ.

شائىر ھەجۋىيسىنى تېرەككە ئېسىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شەيخ شائىرنى ئۇرۇپ - سوقۇپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. مەشرەپ شەھەر چېتىدە تۇرىدىغان بىر بىچارە، نامراتنىڭ ئۆيىدىن ئۆزىگە باشپاناھ تېپىپ، ئاشۇ يەردە ياشاشقا باشلاپتۇ. «گەپ گەپنى تۇغىدۇ» دېگەندەك، مەشرەپ يازغان غەزەل ئۇزۇن ئۆتمەي قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، شەھەرگە يېيىلىپ كېتىپتۇ. شەيخ شەرمىسار بولۇپتۇ. ئادەملەر ئۇنى «شەيخ كاززاپ» دەپ ئاتاشقا باشلاپتۇ. شەيخ ئەركىن - ئازادە كوچىغا چىقىپ، ئادەملەرگە كۆرۈنەلمەيدىغان بولۇپ، ئۆيىگە سولىنىپ قاپتۇ.

شەيخ مەشرەپتىن ئۆچ ئېلىشنى نىيەت قىلىپ، ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەشرەپ ئىلىم ئاشنالىرى بولغان تالىپلارنىڭكىگە مېھمانغا بېرىپتۇ. ئۇ يەردە تاڭ ئاتقانغا قەدەر غەزەلخانلىق بوپتۇ. مەشرەپ ياقتۇرۇپ قالغان غەزەللەر توپلىمىنى سوراپ ئېلىپ، تاڭ ئاتار مەزگىلدە كۆلبىسىگە قايتىپتۇ. ئايغاقچى مەشرەپنى پايلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ شەيخكە:

— تېخى خوراز چىللىمىغان سۈبھى - سادىق پەيتى ئىدى، سىبدە ياغىچىنىڭ ئارقىسىدا ماراپ تۇرسام، مەشرەپ دېگىنىڭىز قاياقتىندۇر كېلىپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. تىكىلىپ قارىۋىدىم، كۆزۈم قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان بىر نەرسىگە چۈشتى. ئۇ چوقۇم قىممەتلىك بىرەر نەرسىنى ئوغرىلىغان گەپ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

شەيخ ئوپۇل - توپۇل كىيىنىپ، كەشنى قولىغا ئېلىپ، قازىنىڭ ئالدىغا قاراپ چېپىپتۇ. ئۇ قازىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرەر - كىرمەستىن:

— جانابىي قازى ئەئلەم، ئەشەددىي ئوغرىنى قولغا چۈشۈردۇق. بۇيرۇسىڭىز،

ياساۋۇلبېشى ئۇنى قولغا ئېلىپ، زىندانبەند قىلسا، — دەپتۇ ھاسىراپ تۇرۇپ.

ياساۋۇللار شائىرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، تۇرتۇپ - دۈشكەلەپ قازىخانىغا ئېلىپ كېلىشىپتۇ. تېخى تاڭ ئاتمايلا قازىخانىغا كېلىپ ئولتۇرغان شەيخنى كۆرۈپ، شائىر گەپنىڭ نېمىدە ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشىنىپتۇ.

— شائىر مەشرەپقۇ بۇ؟ — دەپتۇ شەيخنىڭ قۇلىقىغا قازى. شەيخ:

— ياق، بۇ شائىر ئەمەس، مۇتتەھەم، ئوغرى. ئۇنى تېزلىك بىلەن زىندانبەند قىلىش كېرەك، — دەپتۇ.

— كىمسەن؟ تاڭ ئاتماستا قەيەردىن كەلدىڭ؟ ئوغرىلاپ، قولتۇقۇڭغا قىستۇرۇۋالغىنىڭ نېمە ئۇ؟ — دەپ ئۆزىنى تونۇمىغانغا سېلىپ ئارقىمۇئارقا سوئال سوراپتۇ قازى.

شائىر سالماقلىق بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ:

— مەن بابارەھىم موللاۋەلى ئوغلى مەشرەپمەن، شائىر كىشىلەرنىڭ ئارامىدىن نېمىنمۇ ئوغرىلايدۇ، تەقسىر؟ ئوغرىلىق بىر قىسىملارغا راھەت بېغىشلىسا، بەزىلەرگە ئازاب بېرىدۇ، — مەشرەپ شەيخ تەرەپكە قاراپ قويۇپتۇ، — مەن شائىرمەن، قەلەم - قەغەز ئوغرىلاي دېسەم، ئۇلار ئۆزۈمدە كۆپ. غەزەل ئوغرىلاشنى ئادەت قىلمىغانمەن...

— ئوغرىسەن، بىر نەرسىنى قولتۇقۇڭغا تىقىپ، ئۆيۈڭگە كىرىپ كەتكىنىڭنى شەيخنىڭ ئادەملىرى كۆرۈپتىغۇ؟ — دەپتۇ قازى.

— شەيخىم ئېيتقان بولسا، ئىشەنمەك دەركار. چۈنكى يالغان بىلەن راستنىڭ، ھارام بىلەن ھالالنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدىغان شەيخىم ئۆمرىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ راست سۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىنغۇ... — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەشرەپ.

مەشرەپ توغرىمەن دېسەن، قازى ئوغرىسەن دەپتۇ. قانچىلىك ئېزىپ چۈشەندۈرسىمۇ، بەربىر قازىنى ئىشەندۈرەلمەپتۇ. قازى بىلەن بۇنداق تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەن مەشرەپ:

— ھەئە، ئوغرىمەن، تەقسىر، — دەپتۇ ئاخىر.

— نېمىنى ئوغرىلىدىڭ؟ — دەپ



سوراپتۇ قازى.

— ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسنى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەشرەپ.

— كۈمۈشمۇ؟

— ياق.

— ئالتۇنمۇ؟

— ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك!

— ئەمسە ئالماس ئىكەن-دە؟ — دەپ سوراپتۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن قازى.

— دۇر - ئۈنچە، ئالماستىنمۇ قىممەتلىكرەك، — دەپتۇ مەشرەپ، — خانامغا يوشۇرۇپ قويغانمەن. ئادەم ئەۋەتسىڭىز ئېلىپ كېلىدۇ، بوپتۇ، ئاشۇ نەرسە سىزنىڭكى بولۇپ قالسۇن. ئۆزۈمنى بولسا ئوغرى دەپ زىندانغا تاشلاڭ. لېكىن، بۇ بەندەئىي ئاسىينىڭ سىزدەك ئالىي پاناھقا بىر ئەرزى بار. شۇنى بېجىرمىسىز، دەپ شەيخىم بىلەن ئىككىڭلار قەسەم ئىچسىزلەر. شۇندىلا ئوغرىلانغان نەرسنى يوشۇرۇپ قويغان يەرنى ئېيتىمەن. بولمىسا، بۇ سىر ئۆزۈم بىلەن بىللە كېتىدۇ.

مەشرەپ زىندانبەند بولسا، تېزرەك نىيىتىگە يېتىشنى ئويلاپ قازى رازى بوپتۇ. دۇر - گۆھەردىنمۇ قىممەتلىكرەك نەرسىنىڭ قولىغا تېزرەك چۈشۈشنى ئويلاپ، يۈرىكى تىپچەكلەپ كەتكەن قازى:

— قېنى، شەرتىڭنى ئېيتىپ باقە، — دەپتۇ.

مەشرەپ:

— مۆھتەرەم قازى، شەرتىم شۇكى، سىز شەيخىمنىڭ «شەيخ كاززاپ»، يەنە يالغانچى شەيخ ئىكەنلىكىنى ئادەملەر ئالدىدا ئاشكارا جاكارلايسىز، — دەپتۇ.

— ياق. بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قازى.

— ئەمىسە مەنمۇ دۇر - ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىكرەك نەرسىنىڭ قەيەرگە يوشۇرۇنغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمەيمەن، — دەپتۇ قەتئىيلىك بىلەن مەشرەپ.

ئالتۇن دېسە، ئاتىسىنى سېتىشقا تەييار تۇرىدىغان قازىنىڭ شائىرنىڭ شەرتىگە رازى بولۇشتىن باشقا ئامالى قالماپتۇ.

— شەيخىم، سىز



بولسڭىز، جامائەت ئالدىدا تۇرۇپ شائىر مەشرەپتىن كەچۈرۈم سورايسىز.

شەيخ دەسلەپ رازى بولماپتۇ. كېيىن مەشرەپنىڭ ئوغرىلىقى پاش قىلىنسا، شائىردىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، رازى بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ قازى بىلەن شەيخ قوللىرىغا نان ۋە قۇرئاننى ئېلىپ:

— مەشرەپ شائىرنىڭ شەرتىنى بېجىرىمىز! — دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. مەشرەپ دۇردىنمۇ قىممەتلىكرەك، ئالتۇندىنمۇ ئەلاراق ئوغرىلانغان نەرسىنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ياساۋۇلبېشى بېرىپ، تېزلا ئۇنى ئېلىپ كەپتۇ.

قازى ئورالغان نەرسىنى ئالدىراپ ئاچسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن كىتاب چىقىپتۇ.

— بۇ كىتابقۇ؟ — ۋارقىراپتۇ قازى، — ئوغرىلانغان ئالتۇندىن ئەلا، گۆھەردىن ئارتۇق نەرسەڭ قېنى؟

— شەيخىم، سىزگەن خەۋەر يەتكۈزگە ئوغرىلانغان نەرسە ئەنە شۇ كىتاب. دەرۋەقە مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن، يەنى ئالتۇندىن، گۆھەردىن ئەلاراقى كىتابتۇر. تالىپى ئاشنالىرىمدىن سوراپ ئېلىپ، شەيخىمگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشمىسۇن، دەپ قويىنۇمغا يوشۇرۇپ، ئېلىپ كەلگەن نەرسە ئەنە شۇ سىز كۆرۈپ تۇرغان، غەزەل پۈتۈلگەن كىتابتۇر.

مەشرەپ سۆزىنى تۈگىتەر - تۈگەتمەي:

— يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ ۋارقىراپتۇ قازى.

— ھەي-ھەي، ياق، قازى جانابلىرى، — دەپتۇ مەشرەپ، — نان بىلەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەن سىز. ئېيتقىنىڭىزنى قىلمىسىڭىز، قۇرئان بىلەن نان ئۇرۇپ قويىدۇ! مەن بولسام تاكى شەرتىم بېجىرىلمىگۈچە ھېچ يەرگە كەتمەيمەن.

قازى دەسلەپتە ئىنتايىن دەرغەزەپ بوپتۇ. كېيىن، ئاچچىقىنى بېسىپ، ئۆزىگە كەپتۇ-دە، شەيخنى «كاززاپ شەيخ» دەپ ئېلان قىپتۇ. قازىنىڭ قىستىشى بىلەن شەيخ شائىر ئالدىدا تىز چۆكۈپ كەچۈرۈم سوراپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شەيخ «شائىر»، «شېئىر» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالسا، لاغ - لاغ تىترەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

مەشرەپ:

خوجا سەيد، بەگۇ خان سەردارلار بەدكار بولسا،
زۇلۇم تىغى تېز يېتەردە ھەربىرى نامدار بولسا؛
يالغانچى كاززاپ شەيخلەر بۇ ۋەتەندە بار بولسا،
مەزلۇم ئەللەر ئېڭىرشىپكىم، پارچە نانغا زار بولسا،
كوپىر ئېلىگە مەشرەپتەك رەھنەما پەيدا بولۇر.

دەپتۇ-دە، بۇ شەھەردىنمۇ باش ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

سادىر پالۋان:

## بېشىڭغا كۈن چۈشسە، مېنى ئىزدە

ئۈچتۇرپاندا ئىبراھىم، قاسىم ئىسىملىك ئىككى ياش بار ئىكەن. ئۇلار پەم - پاراسەتلىك، قاۋۇل، قورقۇمسىز ئىكەن. ئۇلار تەڭلا ياش قۇرامىغا يېتىپتۇ. ئىبراھىم توپاقنى كۆتۈرۈپ «ئىبراھىم توپاق»، قاسىم تۆت ياشلىق قوتازنى كۆتۈرۈپ «قاسىم قوتاز» دەپ ئاتىلىپ، ئەل ئىچىدە داڭقى چىقىپتۇ.

كېيىن ئىبراھىم بىلەن قاسىم ئۈچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، دۈشمەنگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپىنىڭ ئېغىزىدا «باتۇر» ئاتىلىپتۇ. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىبراھىم بىلەن قاسىم تۇتۇپ كېلىنىپ، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپتۇ.



ئىبراھىم بىلەن قاسىم ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن ئىلى جاڭجۈنى تەرىپىدىن قارىلىنىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇپتۇ.

چېرىكلەر جاللاتلارنى باشلاپ ئىبراھىم بىلەن قاسىمنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا يولدا سادىر كۆرۈپ قاپتۇ. سادىر شۇنداق بىر قاراپلا گۇناھسىزلارنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ «بۇلار ئالتە شەھەردىن چىققانلار ئىكەن، ئۇلار ياخشى ئادەملەر، ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزايلى!» دەپ ۋارقىراپتۇ ھەمدە ئېرىق بويىغا بېرىپ، تىكىلگىنىگە ئىككى يىل بولغان

كۆچەتنى بىر تارتىپ يۇلۇۋېلىپ، كۆچەت بىلەن چىرىكلەرنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىپتۇ، ئىبراھىم بىلەن قاسىمنىڭ بويىندىكى تاقاقنى ئۇرۇپ چېقىپ، ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. سادىرنىڭ پىداكارلىقىدىن خۇش بولغان ئىبراھىم بىلەن قاسىم:

— قېرىنداشىم، ئاتاڭغا رەھمەت، بىز سېنىڭدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى. ناۋادا بېشىڭغا كۈن چۈشسە، بىزنى ئىزدەپ ئاشۇ كۆرۈنگەن تاغقا بارغىن، — دەپ تاغقا چىقىپ كېتىپتۇ.

سادىر پالۋان ھەققىدىكى يەنە بىر ھېكايەتتە دېيىلىشىچە، سادىرنىڭ يۇرتلۇقلىرىدىن بىرىنىڭ بەك يامان بىر ئىتى بار ئىكەن. ئۇ دائىم «مېنىڭ ئىتىم قىل قىمىرلىسا سېزىدىغان سەزگۈر، مەيلى كۈندۈزى، مەيلى كېچىسى بولسۇن يات كىشىنى پەقەت ھويلىغا كىرگۈزمەيدۇ، بۇنىڭ خاسىيىتىدىن قورۇدىن يىپ - يىڭنىمىزمۇ يىتىپ باقمىدى» دەپ كۆرۈنگەنلا كىشىگە داڭلايدىكەن.

بىر كۈنى سادىرغىمۇ ئىتنى ئاغزى تالغۇچە ماختاپ بېرىپتۇ. سادىر ئۇنىڭ ئەخمەقلىقىدىن كۈلۈپ:

— مەن سىلەرنىڭ قورۇغا تۇيدۇرماي كىرسەم قانداق قىلىسەن؟ — دەپتىكەن، ماختانغۇچى:

— قورۇدا نېمە بولسا شۇنى ئېلىپ چىقىپ كەت، — دەپتۇ.

سادىر بىر كۈنى كېچىدە راسا يوغان بىر سېۋەت توقۇپ ئىچىگە گۆش تاشلاپتۇ. ئەلياتقۇ مەزگىلى بولغاندا، سېۋەتنى ئېلىپ، ھېلىقى ماختانچاقنىڭ تېمىنىڭ تۈۋىگە بېرىپتۇ. سېۋەتنى دەرەخنىڭ شېخىغا ئىلىنغان ئارغامچىغا باغلاپ تامدىن ئارتىلدۇرۇپ قورۇنىڭ ئىچىگە چۈشۈرۈپتۇ. گۆشنىڭ پۇرىقىنى سەزگەن ھېلىقى «يامان» ئىت كېلىپ، سېۋەتنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ، ھەدەپ گۆشنى يېگىلى باشلاپتۇ. بۇنى بايقىغان سادىر شاپپىدە ئارغامچىنى تارتقانىكەن، ئىت سېۋەت بىلەن بىللە كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئاندىن ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى دەرەخنىڭ تۈۋىگە باغلاپ قويۇپتۇ، ئىت سېۋەت بىلەن بىللە ئېسىلىپ قاپتۇ.

سادىر خاتىرجەم ھالدا قورۇنىڭ ئىچىگە كىرسە، تازا سېمىز بىر توپاق كۆشەپ ياتقانىكەن. سادىر باشقا نەرسىلەرگە تەگمەي، يالغۇز توپاقنى يېتىلەپ چىقىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ باغلاپ قويۇپتۇ. ئەتىسى كوچىغا چىقىپ بايقىغۇدەك بولسا، ھېلىقى ماختانچاق ھەركىمگە «بۈگۈن كېچە مېنىڭ بىر توپىقىمنى ئوغرى ئېلىپ كېتىپتۇ» دەپ يۈرگۈدەك. سادىر بۇنى ئاڭلاپ ئاتايىن ئۇنى ئىزدەپ بارغانىكەن، سادىرغىمۇ توپاقنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرىپتۇ. سادىر چاندۇرماستىن:

— سېنىڭ يىپ - يىڭنىنىمۇ ئالدۇرمايدىغان خاسىيەتلىك ئىتىڭ بار ئىدىغۇ، يەنە قانداق قىلىپ توپىقىڭنى ئوغرى ئېلىپ كېتىدۇ؟ — دەپتۇ. ئۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— ئىتمۇ ئۇخلاپ قالىدىكەن، — دەپتۇ.

مۇساباي:

# بايقىساك تويمۇ ئالتۇن

باھاۋۇدۇن باي بىلەن ھۆسەن باينىڭ ئاتىسى مۇساباي ئەسلىدە نامرات بىر يىگىت ئىكەن. بىراق ئۇنىڭ قولى كەڭ، چىرايى ئوچۇق، لىللا گەپ قىلىدىغان ئادىل يىگىت ئىكەن. مۇسا بىر كۈنىسى ھويلىدىكى ئاق ئۈجمىنىڭ تۈۋىدە يېتىپ سەھەردە بىر چۈش كۆرۈپتۇ:

ئاپپاق ساقاللىق ئۈچ كىشى ئۇنى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توۋلاپتىمىش، ئۇ چىققاندىن كېيىن ئېگەر - جابدۇقلۇق بىر ئاتقا مىندۈرۈپ قەشقەر شەھىرى تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپتۇدەك. يولدا بارغۇچە ئاقساقاللاردىن بىرى سوئال قويۇپ:

— ئوغلۇم، ئانىڭىزنى قانداق نېمەتلەر بىلەن بېقىۋاتىسىز؟ — دەپتۇ. مۇسا مېھرىبان ئانىسىنى پاقلان گۆشى، كالا سۈتى، توخۇ، ئۆردەك تۇخۇمىدا بېقىۋاتقانلىقىنى، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ راۋاج تېپىپ، ھوسۇلىنىڭ ياخشى بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— بۇنىڭدىن كېيىن، — دەپتۇ ئاقساقاللارنىڭ بىرى، — دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى مەھەللىدىكى بۇرادەرلىرىڭىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزىڭىز سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىڭ، چۈنكى سودا - سېتىق ئىشلىرى ۋە چارۋىچىلىق ئىشلىرى، ئاندىن قالسا ئورمانچىلىق ئىشلىرى بىلەن كىشىنىڭ قەددىمى ئىلگىرى باسىدۇ. پەقەت دېھقانچىلىق ئىشلىرىغىلا قارىۋالسا ئاشلىق دېگەن ئاز بولسا يېتىدىغان، كۆپ بولسا كېتىدىغان نېمە، — دەپتۇ.

— سودىگەرلىكنىڭ سەرمايىسىنى نەدىن تاپىمەن؟ — دەپتۇ مۇسا ئېھتىرام بىلەن.

— ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، — دەپتۇ ئۈچىنچى كىشى، — مەن سىزنى ئۈچمىراۋاندىكى بىر تاشنىڭ تۈۋىگە باشلاپ بارىمەن. تاشنىڭ ئاستىدا بىر كوزا ئالتۇن بار، ئۇنى ئىشلەتسىڭىز ھەرقانداق سەرمايىگە يېتىپ ئاشىدۇ، — دەپتۇ. مۇسا ئۇلار بىلەن «ئۈچمىراۋان»غىچە بىرلىكتە بېرىپتۇ. ئاقساقاللار ئاتتىن چۈشۈپتۇ. ئۈچىنچى كىشى قامچىنىڭ دەستىسى بىلەن يوغان بىر تاشنى ئىرغىتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تاشنىڭ ئاستىدا تۇرغان ساپسېرىق ئالتۇنلار كۈن نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ كېتىپتۇ. مۇسانىڭ كۆزلىرى چاقناپتۇ. «پاھ!» دەپ ۋارقىراپتۇ ھاياجىنىنى باسالماي، شۇنىڭ بىلەن ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

— نېمە بولدى بالام؟ — دەپتۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئويغاق ياتقان ئانىسى مۇسانىڭ ۋارقىرىشىدىن ئەنسىرەپ.

— ئانا! — دەپتۇ مۇسا ھاياجىنىنى باسالماي، — خاسىيەتلىك چۈش كۆرۈۋېتىپ ئويغىنىپ كەتتىم.

— ياخشى چۈش كۆرگەنمىدىڭىز؟ — دەپتۇ ئانا.

— شۇنداق، — دەپتۇ مۇسا ۋە چۈشنى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ھەقىقەتەن خاسىيەتلىك چۈش ئىكەن، — دەپتۇ ئۇنىڭ ئانىسى ھاياجانلىنىپ ئانا - بالا ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، نامىزىنى ئوقۇپ، چاي - پاي ئىچكەندىن كېيىن مۇسا ئىشەكنى مىنىپ «ئۈچمىراۋان»غا مېڭىپتۇ. مەھەللىدىكىلەر «نەگە ماڭدىڭ؟» دېسە، «ئىشەك باققاچ تەرەپ تېرىپ كېلەيمىكىن» دەپتۇ مۇسا. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ بىر خۇرجۇننىڭ ئىككى بېشىغا لىق قاچىلانغان ئالتۇننى ئىشەككە ئارتىپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئانا ھەيران قاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر «مۇسابايغا خىزىر يولۇققانىكەن» دېيىشىدىغان بوپتۇ.

يەنە بىر ھېكايەتتە دېيىلىشىچە، مۇساباي مۇسا دەپ ئاتىلىدىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ غۇلجا شەھرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ تاسادىپىي بىر دۇكاندارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ.

دۇكاندار مۇساغا سالام - سەھەت قىلىپ:

— ئۆزلىرىنى نەدىن سورايمىز؟ — دەپتۇ مۇسا.

— قەشقەرنىڭ نەرىدىن كەلدىڭىز؟

— ئاتۇش ئىكساقتىن كەلدىم.

— ئۇنداقتا بەك ياخشى ئىكەن. ئۆزلىرى بىلەن ئەھۋاللاشقۇم بار ئىدى، دۇكانغا كىرسىلە، — دەپتۇ سودىگەر. مۇسا دۇكانغا كىرىپتۇ، ئۇلار چاي ئىچىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئاندىن دۇكاندار:

— سىزنىڭ ئىكساق كەنتىدىن ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. سىلەرنىڭ كەنتىڭلارنىڭ ئۈچمىراۋان تەرىپىدىكى «توققۇز ھۇجرا»نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھۇجرىنىڭ قىبلە تېمىدا بىر





سۇرەت بار، سۇرەتنىڭ بىر بىقىنىدا قىبىرىنداش سىزىقىدەك بىر ئىز بار. شۇ يەرنى كولسىڭىز تۆشۈك چىقىدۇ. تۆشۈك ئىچىدە بىر قۇتا بار، شۇ قۇتىنى ماڭا ئېلىپ چىقىپ بەرسىڭىز، بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك بايلىق ئاتا قىلغان بولاتتىم، ــ دەپتۇ.

مۇسا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن دۇكاندارغا قاراپتۇ. دۇكاندار دەرھال:

ــ دېگەنلىرىمگە تولۇق ئىشىنىڭ، مەن ھازىر سىزگە قەشقەرگە بېرىپ قايتىپ كېلىشىڭىزگە يەتكۈدەك پۇل بېرەي، ــ دەپتۇ. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ مۇسا غۇلجا شەھىرىنىڭ كوچىسىدا يەنە پەيدا بوپتۇ. ئۇ ۋەدىلەشكەن دۇكان ئالدىغا كەلسە، ئۆزىگە ۋەزىپە تاپشۇرغان دۇكاندارنىڭ ئورنىدا بىر ياشانغان ئايال سودا ـ سېتىق قىلىۋاتقۇدەك. مۇسا ئايالدىن دۇكاندارنى سوراپتۇ. ئايال:

ــ ئۇ كىشى بۈگۈن يوق، موڭغۇلكۈرەدە بىر ئاغىنىسى قازا قىلىپ، شۇ يەرگە كەتكەنىدى، بىرەر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭىز؟ ــ دەپتۇ. مۇسا قولىدىكى قۇتىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ، ئۆزى بولسا ئەتە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەتىسى دۇكانىنىڭ ئالدىغا كەلسە، ئۆزىگە ۋەزىپە تاپشۇرغان بوۋايغا ئوخشاپ كېتىدىغان قابىل بىر يىگىت سودا ـ سېتىق قىلىپ تۇرغۇدەك. مۇسا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا ئۆتۈپتۇ، بىراق ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ.

ــ ئوغلۇم مۇسا، مېنى تونۇيالىدىڭىزمۇ؟ ــ دەپتۇ دۇكاندار.

ــ مەن بىلەن بىر دېمەتلىك تۇرۇپ ئوغلۇم دېگىنىڭىز نېمىسى؟ ــ دەپتۇ مۇسا.

دۇكاندار:

ــ سىزگە ۋەزىپە تاپشۇرغان كىشى دەل مەن بولىمەن. قانداق، ئوخشىمايۋاتامد-

مەن؟ — دەپتۇ.

— سىز قانداقمۇ ئۇ ئاقساقال كىشى بولسىز؟ سىز دېگەن ياشلا بىر يىگىت تۇرسىڭىز.

— توغرا دەيسىز، — دەپتۇ دۇكاندار، — سىز ئېلىپ چىققان قۇتىدىكى نەرسە ئادەم ياشارتىدىغان دورا ئىدى. مەن كېچىچە شۇ دورىنى يەپ مانا مۇشۇ ھالغا كەلدىم، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا مېنىڭ ئېلىپ كەلگىنىم بىباھا دورا ئىكەن-دە، — دەپتۇ مۇسا ئەپسۇسلىنىپ.

— كۆڭلىڭىز يېرىم بولمىسۇن، مەن سىزگە ئۆمرىڭىز بويى يېتىپ ئاشقۇدەك دۇنيا بېرىمەن دېمىگەنمىدىم. سىزگە دېگەنلىرىمنى بەجا كەلتۈرسەم سىزمۇ مەندىن رازى بولۇپ قالىسىز. سىز مۇشۇ دورىنى ئېلىپ كەلگەن «توققۇز ھۇجرا»نىڭ يۇقىرىقى تەرىپىدىن ساناپ يۈز قەدەم ماڭسىڭىز بىر دانە قاپقارا تاشنى ئۇچرىتىسىز، شۇ تاشنى باشقىلارغا كۆرسەتمەي ئۆيىڭىزگە ئېلىپ بېرىپ سىرتىنى قىرىۋەتسىڭىز ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلىسىز، — دەپتۇ.

مۇسا غۇلجىدىن قايتىپ كېلىپ قارا تاشنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، سىرتىنى قىرىۋېتىپ قارىغۇدەك بولسا ئالتۇن ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاتۇشنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان تۇڭگانلار ئالتۇننى مۇشۇ يەردە ئۇيۇتۇپ سىرتىنى ئوت قالاپ ئىسلىۋەتكەنمىش، بىراق ئۇلار ئالتۇننى ئېلىپ كەتكۈچە ئۆلۈپ كەتكەنمىش، بۇ بىر سىر سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغانمىش.

## باھاۋۇدۇن مۇساباي:

# بۇرۇن بىلگەن بولسام

بىر ئادەم باھاۋۇدۇن مۇسابايدىن پۇل قەرز ئالغان بولسىمۇ، قەرزنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمىگەن، ۋەدىسىدىن نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنىكەن. شۇڭا باھاۋۇدۇن مۇساباي قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئۆزىنىڭ ئۆي خىزمەتچىسىگە ھاۋالە قىپتۇ. خىزمەتچى قەرزدارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى قوپال گەپلەرنى قىلىپ، غوجايىنىدىن ئالغان پۇلنى دەرھال تەييارلاپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. قەرزدار ئۇ خىزمەتچىگە:

— مېنى غوجايىنىڭ يېنىغا باشلاپ بار. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېيتىدىغان ئايرىم سۆزۈم بار، — دەپ قايتا-قايتا ئۆتۈنۈپتۇ.

ئۇنىڭ يىغلامسىراپ، يالۋۇرۇپ قىلغان ئۆتۈنۈشى باغرى تاش خىزمەتچىنىڭ كۆڭلى-

گە تەسىر قىلىپ، باھاۋۇدۇن مۇسابايىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. باھاۋۇدۇن مۇسابايى بىرقانچە كىشى بىلەن بىللە تاماق يەۋاتقانىكەن. خىزمەتچى ئۇ قەرزدارنى باھاۋۇدۇن مۇسابايغا كۆرسىتىپ شۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئادەمدىن پۇلنى دەرھال تەييارلاپ بېرىشنى سوراپ قاتتىق مۇئامىلە قىلغاندىم. نۇرغۇن توۋا-تەزەررۇ قىلىپ، سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئېلىپ كېلىشىمنى ئۆتۈندى. رەھىم كېلىپ ئالدىڭىزغا ئېلىپ كەلدىم. ئەمدى ئۆزىڭىز بىر تەرەپ قىلىڭ، — دەپتۇ.

باھاۋۇدۇن مۇسابايى خىزمەتچىسىنىمۇ، قەرزدارنىمۇ داستىخانغا تەكلىپ قىپتۇ، ئۇلارمۇ ئولتۇرۇپ بىللە غىزا يەپتۇ. تاماقتىن كېيىن، باھاۋۇدۇن مۇسابايى ھېلىقى خىزمەتچىگە:

— بۇ قەرزدار ئەمدى مېنىڭ مېھمىنىم بولدى. ئەزىز مېھماندىن پۇلۇمنى تەلەپ قىلىش مۇرۇۋۋەتتىن ئەمەس. بۇ بىچارە ئادەم موھتاجلىقتا قالغىنى ئۈچۈن، پۇلۇمنى ۋاقتىدا قايتۇرۇشقا قادىر بولالماپتۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ھالدا ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، سېنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتمىگەن بولاتتىم. ئەمدى مەن ئۇ پۇلۇمغا رازى بولدۇم، ئۇنى ئەزىز مېھمىنىمغا ھەدىيە قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دىلىنى ئاغرىتما، — دەپتۇ. ئاندىن قەرزدار مېھماننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، يېمەك-ئىچمەك يوللۇق تۇتۇپ، ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.



ئابدۇقادىر داموللام:

# قوشنامنى قويۇپ بېرىڭ

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە مۇدەررىسلىك قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا بىر مەھەللىدە
ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. تام قوشنىسى ئاتىسىدىن مىراس قالغان مال - مۈلكىنى بۇ-
زۇپ - چېچىپ يوقىتىشقا تۇرغان ئاۋارىكەش بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش
بىكار تەلەپ ئاغىنە - چۆپقەتلىرى كۆپ ئىكەن. ئىچىدىغان، چېكىدىغان ۋە قىمار ئوينايدى-
غانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە يىغىلىپ ھەر ئاخشىمى ئۇنىڭ ئۆيىنى بىر بازارغا ئايلاندۇرۇ-
ۋېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىدا داموللام پەقەت ئارام ئالالماپتۇ. دەرس تەي-
يارلاشقىمۇ زور تەسىر يې-
تىپتۇ، لېكىن بۇ داموللام-
نىڭ دائىرىسىدىكى ئىش
بولمىغاچقا، ئۇنىڭغا ھېچنې-
مە دېيەلمەپتۇ. كۈنلەرنىڭ
بىرىدە بۇ قوشنىنىڭ ئۆيى-
دىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ
تۇيۇقسىزلا يوقاپ كېتىپتۇ.
داموللام باشقىلاردىن سۈ-
رۈشتۈرۈش ئارقىلىق
قوشنىسىنى ھۆكۈمەتنىڭ
تۇتۇپ يامۇلغا ئېلىپ كەت-
كەنلىكىنى ئېنىقلاپتۇ. بۇنى
ئۇققان داموللام دەرھال
سەللە، تونلىرىنى كىيىپ
بەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ.
بەگنىڭ داموللامغا ناھايىتى ئىخلاسى بار
كىشى بولغاچقا، داموللام ئۆيگە كېلىش بە-
لەنلا ھەيران قېلىپ ئولتۇرغۇزغىلى يەر تا-



پالماي قاپتۇ. داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، قوشنىسىنىڭ يامۇلدا بولۇپ قالغانلىقى، ئۆزد-
نىڭ بىخەۋەر بولۇپ قېلىپ ۋاقتىدا كېلەلمەي قالغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ:
— مەن قوشنامنىڭ قانچىلىك يامان ئىشلار بىلەن قولغا ئېلىنغانلىقىنى دېمەيمەن،
پەقەت قوشنىدارچىلىق قەرزىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قوشنامنى تۈرمىدىن چىقىرىۋېتىشكە
ياردەمدە بولۇشلىرىنى سوراپ كەلدىم، — دەپتۇ.
بەگ:
— ئۇنىڭ ئۆيدىكى قالايمىقانچىلىقتىن ئۆزلىرىنى قاتتىق سىقىلدى، دەپ ئاڭلى-
دىم. ئۇنى تۈرمىگە ئالدۇرغانلىقىمىزغا ئۆزلىرىنى خۇش بولدىمىكىن، دەپتىمەن. ئۆزل-
رىنىڭ تەلەپلىرى ئۇنداق بولسا، ھازىر بېرىپ ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىۋېتىش قولۇمدىن
كېلىدۇ، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى جازالانغان قوشنا ئۆيىگە قايتىپ
كېلىپ، ئۆز ئۆيىگە كىرمەستىن ئۇدۇل داموللامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىنى باسالماي
ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ تۈرمىگە كىرىپلا خېلى قاتتىق - يىرىك مۇئامىلە-
لەرگە، ھەتتا قىيناش، كۆتەككە بېسىش قاتارلىق ئېغىر ئازابلارغا ئۇچرىغانىكەن. شۇڭا
قوشنا داموللامنىڭ بۇ ھىممىتىدىن بەكمۇ تەسىرلەنگەنىكەن. داموللام ئۇنىڭغا:
— قوشنام، مەن بۇ ئىشنى بالدۇرراق ئۇقماپتىمەن، ئۇققان بولسام، شۇ كۈنىلا
سىزنى قۇتقۇزغان بولاتتىم، قوشنىسىغا پېشكەلچىلىك كەلسە، ياردەم بەرمەي قاراپ تۇ-
رۇش توغرا ئەمەس ئىدى، بىراق مەن قوشنىدارچىلىقىمنى ۋاقتىدا ئادا قىلماپتىمەن، ئە-
پۇ قىلىڭ، — دەپتۇ. قوشنىسى يىغلاپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىپ:
— ئادەم بىلمەسلىكتىن ھەرقانداق يامان ئىش قىلىشتىن نومۇس قىلمايدىكەن، قوشنى-
دارچىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتىمەن، — دەپ توۋا قىپتۇ. داموللامنىڭ بۇ قوشنىسى
ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ بارلىق ئەسكى ئادەتلىرىنى تاشلاپ، توغرا كەسپكە كىرىپ كېتىپتۇ.

تەجەللىي:

## ھەممە ئىش لايىقىدا بولسۇن

تەجەللىينىڭ ئۆيىدە ئىشلەيدىغان بىر كىشى:
— ھەزرىتىم، ئىككىيلەننىڭ كۆڭلىمىز خېلى يېقىن، ئەمما مېنىڭ ئۆيۈمگە بىرەر قې-
تىممۇ بارمىدىلا، بۈگۈن بىر بېرىپ كەلسىلە ناھايىتىمۇ خۇشال بولاتتىم، — دەپ تۇ-
رۇۋاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان تەجەللىي:

— مېنىڭ مۇھىم ئۈچ شەرتىم بار. ئەگەر مۇشۇنىڭغا كۆنسىڭىز بارىمەن، — دەپ- تۇ. ھېلىقى كىشى قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي ھەزرىتىم، قانداق شەرتلەر بولسا كۆنىمەن، — دەپتۇ. تەجەللىي:

— بىرىنچى شەرتىم: مېنى ئۇرمايسىز.

بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى ھەيران بولغىنىدىن قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي ھەزرىتىم، سىلىنى ئۇرغىلى بولامدىغان، — دەپتۇ. تەجەللىي يەنە:

— ئىككىنچى شەرتىم: ماڭا زەھەر يېدۈرمەيسىز، — دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى تېخىمۇ ھەيران قېلىپ قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ۋاي ھەزرىتىم، ئۆزلىرىگە ئۇنداق قىلغىلى بولامدىغان، — دەپتۇ.

— ئۈچىنچى شەرتىم: مېنى تۆرمىڭىزگە سولاپ قويمايسىز، — دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى قول باغلاپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ۋاي ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنى ھەرگىز ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ.

تەجەللىي بىلەن ھېلىقى كىشى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرسا، ئۆي ئىگىسىنىڭ بالىسى كې- رىپ، دادىسىنى خاپا قىلغىلى تۇرۇپتۇ. دادىسى ئاچچىقىدا بالىسىنى ئۇرۇپتۇ، بۇنى كۆر- گەن تەجەللىينىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— مېنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟ — دەپتۇ. ھېلىقى كىشى:

— يوقسۇ ھەزرىتىم، مەن ئۆز بالامنى ئۇردۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تەجەللىي:

— ئاشۇ قىلغىنىڭىز مېنى ئۇرغىنىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

ئۆي ئىگىسى ئىنتايىن خىجىل بوپتۇ.



بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن تەجەللىيگە تاماق ئېلىپ كىرىپتۇ، تەجەللىي تاماقنى تولۇق يەپ بولماي تۇرۇپلا توختىۋاپتۇ. ئۆي ئىگىسى:

— باقسىلا ھەزرىتىم، — دەپ زورلاپ تۇرۇۋاپتۇ.

— نېمىشقا ماڭا زەھەر يېدۈرىسىز؟ — دەپتۇ تەجەللىي. ئۆي ئىگىسى:

— يوقسۇ ھەزرىتىم، مەن سىلىنى تاماققا زورلىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تەجەللىي:

— تاماقنى كۆپ يېيىشكە زورلاش زەھەر بولماي نېمە؟ — دەپتۇ. ئۆي ئىگىسى ناھايىتىمۇ خىجىللىق ھېس قىپتۇ.

تەجەللىي بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىشقا تەمشىلىپتۇ. ئۆي ئىگىسى:

— بۇ تۈنجى قېتىم كېلىشلىرى، ئۇنداق قىلماي بىردەم ئولتۇرۇپ بەرسىلە، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تەجەللىي بۇنىڭغا سەل خاپا بولۇپ:

— نېمە ئۈچۈن مېنى تۈرمىگە سولاپ قويىسىز؟ — دەپتۇ.

ئۆي ئىگىسى تەجەللىينى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ-يۇ، ئۆزى ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

## ئوغۇل بالا ئەلنى تاشلاپ قاچمايدۇ

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى بىرنەچچە قېتىم يامۇلغا چاقىرىپ كىرىپ سوراق قىلغاندىن كېيىن ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى چاتقال دېگەن جايغا كېتىپ ۋاقىتنچە شۇ يەردە پاناھلىنىپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئاتا-ئانىسىنىڭ لەۋزىنى يېرالماي، ئېگەرلىنىپ ئالدىغا ئەكېلىنگەن ئاتقا مىنگەن بولسىمۇ ھويلا ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇق-تۇغقان ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ يىغا-زار قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— مەن قېچىپ كەتمەي! ئەل-يۇرت، جامائەتلەر بۇ يەردە يىغا-زار قىلىشىۋاتسا مەن كەتسەم بولمايدۇ، مەن ئۈچۈن ئەل-يۇرت ئازاب تارتمامدۇ؟ ئوغۇل بالا ئەلنى تاشلاپ قاچمايدۇ، مەن ئۆلسەممۇ ئەل-يۇرتۇم بىلەن بىللە ئۆلىمەن، دەپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆزى ئۈچۈن يىغا-زار قىلىشىۋاتقان كىشىلەر توپى ئارىسىغا كىرىپ كېتىدۇ.

1933- يىلى ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن چىققان شىڭ شىسەينىڭ باندىت قوشۇنلىرى ئون يەتتە نەپەر كىشىنى تۇرپان يېڭىشەھەر بۇتخانىسىنىڭ

ئالدىدىكى مەيدانغا يالاپ ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئارقان بىلەن جازا تۈۋرۈكلەرگە باغلايدۇ. بۇلار تۇرپان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئالىي تەشكىل ئورگىنى — «ئىنقىلابىي ھەيئەت»نىڭ ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوت يۈرەك شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ بار ئىدى.

كۈن پېتىش مەزگىلىدە جاللاتلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ كاللىسىنى كېسىشكە تەييارلىنىدۇ، شائىر ئالدىغا يوپۇرۇلۇپ كەلگەن جاللاتلارغا قاراپ، مەردانە ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلىدۇ:

— كۈن ھازىر ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. جاھاننى قاراڭغۇچىلىق باسىدۇ. لېكىن شۇنى بىلىڭلاركى، ئەتە يەنە تاڭ ئېتىپ كۈن پارلايدۇ!

شائىرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىمۇ تىز پۈكمەيدىغان ئىنقىلابىي جاسارىتىدىن قورقۇپ تىترىگەن جاللاتلار غالجىرلاشقان ھالدا شائىرنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ مۇبارەك كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدۇ.



مەمتىلى ئەپەندى:

## پاكىز بولماق كېرەك

بىر كۈنى، مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان ئوغلى ۋە شاگىرتى مىرئەھمەتنى ئە-
گەشتۈرۈپ مەكتەپكە ئىشقا كېتىۋېتىپ، دىققىتى توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرۇپ ئالىلىقاندەك بىر
ئويۇننى ئويناۋاتقان ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر بالىغا چۈشۈپتۇ. مەمتىلى ئەپەندى دەر-
ھال توختاپ، ئېڭىشىپ بالىنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىباشلىرىدىكى توپىنى قېقىشتۇرۇپ:
— ئوغلۇم، كىيىمىڭنى مۇشۇنداق پاسكىنا قىلىۋەتسەڭ، ئاناڭ خاپا بولمامدۇ؟ تو-
پىدا ئوينىما، ئاغرىپ قالىسەن! — دەپ، يانچۇقىدىن ياغلىقىنى چىقىرىپ، بالىنىڭ يۈزىنى
سۈرتۈپ، ئۇنىڭغا داچەن پۇلدىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى بالى-
نىڭ ئانىسى ئۆيدىن چىقىپ قاپتۇ. ئۇ چوكان مەمتىلى ئەپەندىنى كۆرۈپ ھەم خىجىل
بولغان، ھەم جىددىيلەشكەن ھالدا ئاران ئەھۋال سوراپتۇ.

مەمتىلى ئەپەندى سالامنى ئىلىك ئېلىپ، ئاندىن تەبەسسۇم قىياپەتتە:

— بالىڭىزغا ئوبدان قاراڭ، ساغلام، پاكىز چوڭ بولسۇن، پا-
كىز يۇرۇشنى ئۆگەنسۇن، بىزدە «كۆيۈك يامانمۇ كۆنۈكمۇ؟ دېسە،
كۆنۈك يامان» دېگەن گەپ بار. ھازىردىن باشلاپ قانداق كۆن-
دۈرسىڭىز، كېيىن شۇنداق چوڭ بولىدۇ، — دەپتۇ.

ھېلىقى چوكان خىجىل بولۇپ، مۇلايىم-
لىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپتۇ ۋە:

— ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا بەك ئۇيالدىم
ئەپەندىم، كەچۈرسىلە! — دەپتۇ.



مەمتىلى ئەپەندى بىلەن مىرئەھمەت مەكتەپكە قاراپ مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېلىقى چوكان مەمتىلى ئەپەندىگە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قاراپ قاپتۇ.

يەنە بىر كۈنى مەمتىلى ئەپەندى مەشھەد بازىرىدىكى بىر ئاشخانىغا بىرنەچچەيلەن بىلەن مانتا يېگىلى كىرىپتۇ. ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندى بۇ ئاشخانىنىڭ تازىلىقىنىڭ ناچارلىقىنى ھېس قىپتۇ. مەمتىلى ئەپەندى قوپۇپ چىقىپ كېتىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، ئىلاجسىز ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. لېكىن، تاماق چىققۇچە، يېنىدىكى پىچىقنى چىقىرىپ، پىيالە - چەينەكلەردىكى داغلارنى قىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاشخانا غوجايىنى ئوڭايسىزلانغانلىقتىن:

— ئەپەندىم، بۈگۈن ئۆزلىرى ئاشخانىمىزغا تۇنجى قېتىم مېھمان بولۇپ كىرگەندە، يەرگە قاراپ قالدىم. شاگىرتلار ياش بولغاچقا، تازىلىققا دىققەت قىلىپ كېتەلمەپتۇ، مېھمانلارغا تاماقنى ئۆز قولۇم بىلەن راسلاپ بېرەي، — دەپتۇ. مەمتىلى ئەپەندى:

— كېرەك يوق، بۇنداق ئەھۋاللار بولىدۇ، لېكىن بۇ ئىشلارنى تۈزەتمەي بولمايدۇ. بۇ خەلقنىڭ سالامەتلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، شۇڭا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مەمتىلى ئەپەندىنىڭ سۆزلىرىنى قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتىپ تەستىقلىشىپتۇ.

### ئەخمەتجان قاسىمى:

## ئىشلار چالا قالمىسۇن

تۇرمىدىن يېڭىلا چىققان ئەخمەتجان قاسىمى كوچىمۇ - كوچا يۈرۈپ ئەينەكچىلىك قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىگە ئەينەك سېلىپ بېرىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇ كونا، ئۇزۇن پەلتوسى ئۈستىدىن بىر كونا تاسما بىلەن بېلىنى باغلىۋالغان بولۇپ، بار - يوق دەسمايىسى بىر ئالماس، بىر كىچىك يەشىك ۋە بىرنەچچە پارچە ئەينەكتىن ئىبارەت ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر باينىڭ ھويلىسىغا ئەينەك سالغىلى كىردى. ئۇ ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئالدىراش ئىشلىدى. قورسىقى ئاچقاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ بىرئاز غىزالىنىپ كەلمەكچى بولدى-دە، باينىڭ ئايالىغا ئېيتتى. ئەمما ئۇ ئايال رۇخسەت قىلمىدى.

— مېنىڭ كەچتە مېھمانلىرىم بار، — دېدى بۇ سېمىز خوتۇن بويىننى قېقىپ، —

ھېچ يەرگە بارماي ئىشنى تېز پۈتكۈزسەن!

ئاندىن ئۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ئىككى پارچە قاتتىق ناننى ئېلىپ چىقىپ ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئالدىغا داققىدە قويۇپ يەنە ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— رۇخسەت قىلسىلا، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى، — كىشىنىڭ نېنىنى يېمەيمەن، ئۆزۈم قورساق تويغۇزۇپ كىرەي.

سېمىز خوتۇننىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ھوي، ئاتىكارچى گاداي! تېخى مېنىڭ نانلىرىمنى ياراتمايۋاتامسەن؟ ئۇنىڭ يوغانچىلىقىنى قارا؟!

— يوغانچىلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، قورساق تويغۇزۇش ھەرگىز يوغانچىلىق بولمايدۇ. ئۇنداق بولسا ئىشلىرىنى ئۆزلىرى پۈتكۈزۈۋالسىلا، — ئەخمەتجان قاسىمى شۇنداق دېدى-دە، سايمانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئەتىسى كەلسە دەرىزىنىڭ سۇنۇق كۆزنەكلىرى شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، ھېلىقى سېمىز ئايالمۇ يوق ئىكەن. ئەخمەتجان قاسىمى ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. ئىش پۈتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئايال يېتىپ كېلىپ ئىش ھەققىنى بەردى-دە:

— مە، پۇلۇڭنى ئال، ئاخىر چىدىماي يەنە كەپسەنغۇ؟ — دېدى.

— پۇلغا چىدىماي كەلگىنىم يوق، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — قىلىۋاتقان ئىشىمنى چالا تاشلاپ كېتىشنى خالىمىدىم.



غېنى باتۇر:

## نەپسىڭنى يىغساڭ، جېنىڭ ئامان قالۇر

گومىنداڭچىلارنىڭ زۇلۇم-ستەملىرى چېكىگە يېتىپ، جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئا-
دەملىرى 1937 — 1944 -يىللىرى يۈز مىڭلىغان بىگۇناھ، ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنى
قولغا ئېلىپ، ئۇرۇپ-قىيىندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئامان قالغانلىرى ساناقلىقلا. 1942
- يىللىرى بولسا كېرەك، غېنى باتۇرنىمۇ تۇتۇپ، تۈرمىگە تاشلاپتۇ. ئۇ كا-
مېردا يالغۇزلا ياتىدىكەن. چۈنكى گومىنداڭچىلار غېنى باتۇرنى ئالا-
ھىدە خەۋپلىك جىنايەتچى ھېسابلاپ، ئەنە شۇنداق يالغۇز بىر
كامېرغا سولىغانىكەن. غېنى باتۇرنى كامېرغا سولىغاندىن كېيىن،
تاكى بىر ئايغىچە ھەر كۈنى تۇزلۇق بەسەيدىن (سۈيى بە-
لەن) باشقا ھېچ نەرسە بەرمەپتۇ. ئۈچ ۋاق بەسەي
يەپ سېسىق كېكىرىپ كېتىپتۇ، تېنىدە ماي دىدارى
قالماپتۇ. بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ، ئەر-
ۋاھقا ئايلىنىپ قالاي دەپتۇ. ئەنە شۇنداق كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە يوغان بىر تاۋاقتا پېتىر مانتا،
يوغان بىر چۆگۈندە ئاچچىق دەملەنگەن
چاي ئېلىپ كىرىپ، غېنى باتۇرغا بې-
رىپتۇ. ئەسلىدە گومىنداڭچىلار
غېنى باتۇرنى ئالدى بىلەن تازا
ماغدۇرسىزلاندۇرۇپ، ئاندىن
بىراقلا قۇۋۋەتلىك تائام
بېرىپ، كۆزدىن يوقاتماقچى
بولغانىكەن.
مانتىنى كۆرۈپ، غېنى
باتۇرنىڭ ئاغزىغا سېرىق
سۇ يىغىلىپ، بۇ مانتىلارنى
بىراقلا يەۋەتكۈسى كېلىپ



كېتىپتۇ. لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ، مانتىدىن بىرنى يەپتۇ. قوينىڭ قۇيرۇق مېيىدا ئېتىلگەن بۇ شورپىلىق مانتا ئۇنىڭ ئاغزىدا ئېرىپلا كېتىپتۇ. قولىنى ئىككىنچى مانتىغا سوزۇپ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋاپتۇ.

ھەقىقەتەن، رەقىبلەر ئويلىغاندەك، تۇزلۇق بەسەي بىر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىتتا غېنى باتۇرنى تامامەن ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۈچەيلىرىدە ماي قالماي، نېپىزلەپ كەتكەنىكەن. ئەگەر بۇ بىر تاۋاق مانتىنى يەۋەتسە، ئۈچەيلىرى يېرىلىپ، ئوڭايلا جان بېرىشى مۇمكىن ئىكەن. بۇ چاغدا گومىنداڭچىلار «غېنى ئوغرى ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، تاماقنى كۆپ يەپ ئۆلدى» دەپ ھۆججەت يېزىپ، ئۇنى شەرمەندە قىلىدۇ، خالاس.

لېكىن، غېنى باتۇر نەپسىنى يىغىپتۇ. بىر پىيالە چاي ئىچىپ، قالغان مانتىلارنى ئاستاغىنا ياستۇقىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېتىپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ئاشپەز كىرىپ:

— غېنى، مانتىنى قوي گۆشىدە ئەتتىم، ئوخشاپتىمۇ، خالىساڭ يەنە ئەكىرەي، — دەپ ھېجىيىپتۇ. غېنى باتۇر:

— مانتاڭ بەك ئوخشاپتۇ، ھەممىسىنى قالدۇرماي يەۋەتتىم، — دېگەنىكەن، بەك خۇشال بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. تاۋاقنى ئېلىپ كېتىپ، يەنە مانتا ئەكەپتۇ. غېنى باتۇر ئۇنىڭ كۆزىچە بىر مانتىنى يېگەندەك قىپتۇ، ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ مانتىلارنىمۇ ياستۇقىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېتىپتۇ...

غېنى باتۇر ئەنە شۇنداق نەپسىدىن كېچىپ، ئۆلۈمدىن ئامان قاپتۇ. رەقىبلەر بولسا بۇنىڭ سىرىنى بىلەلمەي، ھەيرانلىقتا چۆمۈپتۇ.

责任编辑:哈斯亚提·依不拉音
责任校对:阿不都热依木·阿布力米提
封面设计:吐达吉·吐尔洪
绘　　画: 阿迪力江·阿布力孜

书　　名　儿童爱菲达有声读物——名人传
编　　者　吐尔逊·卡得
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆八艺印刷厂
开　　本　787mm × 1092mm　1/16
印　　张　117.75
版　　次　2015 年 2 月第 1 版
印　　次　2015 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-89415-023-3
定　　价　490.00 元(点读笔和20本书)